# شىنجاڭ ياشلىرى

4
1986



# XINJIANG YOUTH

# بېيجىڭ پويىز گورۇپپىسىنىڭ
# دوكلات بېرىش ئۆمىكى قەشقەردە



دوكلات بېرىش ئۆمىكى رەئىس سەھنىسىدە



بېيجىڭ پويىز 3-گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى جاڭ شۇ فاڭ دوكلات بەرمەكتە.



دوكلات ئۆمىكى ۋە قەشقەر پېداگوگىك ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىرى بىرلىكتە سۆھبەتلەشمەكتە.



نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى يارغانلىقى جايدا ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى كوينىڭشىڭ تارتقان)

# مۇندەرىجە


ئۇلۇغۋار ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى ... (1)

## ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق

شىرىپ سەلەيىنىڭ ئۈچ ئىشى ...... ئەخمەت مەھەممەت (2)
بارلىقىنى ئومۇمغا بېغىشلىغان ياش ...... شەيخىدىن ھاشىم (3)
خەلقنىڭ قەلبىدىكى ياش باغۋەن ...... مەھەممەت ئابدۇللا (38)

## كېڭەشلىكنىڭ بۇزۇلماس

بۇ قەدەمنى پۇختا باسىمىز ...... (4)
ياخشى كۆرگەن ئادىمىمىز مېنىمۇ ياخشى كۆرسۇن دېمەيمىز ...... ن. ئابدۇكېرىم (47)
قانداق قىلغاندا بىئاراملىقنى يەڭگىلى بولىدۇ ...... (52)

## كۆڭۈل - كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر

چۈشىنىش — مۇھەببەتنىڭ ئاساسى ...... ن. تۇرسۇن (5)
چىرىگەن ياغاچقىمۇ نەقىش چىقارغىلى بولىدۇ ...... ئا. توختى (22)

## بىلگىنىڭنى ئەمەلدىن يوشۇرما

ئوخشىتىشنىڭ سېھرى كۈچى ...... (6)
ياشلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشى توغرىسىدا ...... (40)
سىزنىڭ ئائىلىمىز ...... (55)

## كىتابخانلار مەجلىسى

ئەھمىيەتلىك پىكىر، دىققەت قىلىدىغان مەسىلە ...... تۇنىياز سابىت (7)

## ئالدىنقىلاردىن ئۆرنەك

«كۆۋرۈك قارتا» ئويۇنى ...... (8)
دىڭ جۈڭشيانىڭ ھەجۋى رەسىم سىزىشى ...... (9)

## كۈچ ئۆملۈكتە

ئىتتىپاقلىقنىڭ نەمۇنىسى، قەيسەرلىكنىڭ نامايەندىسى ...... ئ. غېنى (10)

## چولپان

قىيىنچىلىقنى بىلمەي تۇرۇپ ئىلگىرىلەش كېرەك ...... م. ئەخمەت (11)

## بىلىملەر ۋە ۋاقىئەلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى توغرىسىدا ...... غەيرەتجان ئوسمان (12)
ئەمەلگە ئاشمىغان سۇيىقەست ...... (17)

## يول سورىغان يولدىن ئازماس

لوكچەكلىك قىلغانلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ ...... ھەسەن (14)
جامائەت ئالدىدا باشقىلارغا ھاقارەت قىلغانلارنى قانۇن باشقۇرامدۇ؟ ...... (15)

## ياخشى ئادەم يېنىمىزدا

ئۇ كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ھايات ...... (16)

## مەدەنىي ھايات

فوتوگرافىيە باغچىسىدىكى غۇنچە ...... ئا. ساۋۇت (18)

## ئالىملار ئىشى

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچى ...... (20)
ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى قايتۇرۇش ...... (21)

## گەپ بىر قۇلاق ئىككى

بۇ خىل ئادەتنى تاشلاڭ ...... (23)

## ياشلار مۇنبىرى

ئىتتىپاق كادىرلىرىدا ...... (25)
ئىسلاھات داۋامىدا ...... (25)




مۇقاۋىدا:
گۈل تۇتۇش
يالقۇن فوتوسى


سىياسىي، نەزەرىيەۋى، پەننىي، ئەدەبىي ئايلىق ژورنال

ھەر ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

تىراژى:
51,500

# مۇندەرىجە

## غىدىق . غىدىق . غىدىق

مىق بولغانلىقى ئۈچۈن ........ (26)

## ياشلار كۇلۇبى

ئۇ يىگىت نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟ ........ (29)

## شېئىرىيەت گېزىتى

جەڭگەرلىك ........ ئابابەكرى ئەھمەت (30)
ئىككى شېئىر ........ ئەزىز ئېلى (30)
شائىر قەلىمى ........ سىددىق قاۋۇز (31)

## خەتتاتلار كۆرىكى

ھۆسنى خەتلەر ........ (32)

## ئالەمدىن ئۇچۇر

ئۇچار تەخسىنى تاشقى پلانت ئادەملىرى قويۇپ بەرگەنمۇ؟ ........ (33)
بۇ ئايدىن كەلگەن ئاپەتمۇ؟ ........ (54)

## يېڭى ۋادىستىن سۆز

كىشىلەر دىققىتىنى جەلپ قىلىۋاتقان جۇغال مەدەنىيەت خارابىسى...... (34)

## تاغدىن — باغدىن

پىسا مۇنارىنىڭ ........ (36)
دېۋانىلىق كېسەلشىكىسى ........ (37)

## دۇنياغا نەزەر

ھەزىلكەشلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ........ (39)

## مۆجىزاتلار دۇنياسى

ئادەم بەدىنىدىكى سىرلىق ئوت ........ (42)
جەنۇبىي قۇتۇپ خەرىتىسىدىكى سىر ........ (49)

## ساغلام تەندە ساپ ئەقىل

چاچ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ........ (43)

## يىللار ۋە ئادەملەر

بىلىم ئىزلىگۈچى ھەر قانداق جايدا بىلىم ئالالايدۇ ........ (44)

## كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس

21 - ئەسىردىكى كارامەتلەر ........ (46)

## تۇرمۇشىڭىز ئۈچۈن مەسلىھەت

ئۆزىڭىزگە لايىق كىيىم تاللىماقچى بولسىڭىز ........ (48)

## بىلىم ـ ئەقىل چىرىغى

يەر شارى ئۆزگەرمەكتە ........ (50)
كۈنلۈكى بىر تال تاماكا چەكسىڭىز ........ (51)

## ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك

سىرلىق دېڭىز ساھىلىدىكى ئېسىل پورت — يەنتەي ........ (53)

## ياشلار ئەدەبىياتى

تىرىلگەن سۈمرۈغ (پوۋېست) ........ نۇرمۇھەممەت زامان (56)
ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى (ھېكايە) ........ دەريا ھەسەن (59)

## تىكەن . تىكەن . تىكەن

ھەجۋى رەسىملەر ........ (62)



مۇقاۋىنىڭ كەينىدە:
پۆل ساناش
مورولۇ (ۋېنگىرىيە)
سىزغان

باش مۇھەررىر:
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ۋاڭ جيالۇن، شى داۋمىڭ

بۇ سانىنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى:
مامۇت ئەخمەت

تېخرېداكتور:
ئەربىيە روزى

رەسسام:
ئىسمايىل ئىبراھىم
مەھەممەت ئايۇپ

# ئۇلۇغۋار ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

تۇرسۇن نىياز

ۋەتەندە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى 7 - بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. بۇ پىلان ئىشقا ئاشۇرۇلسا، جۇڭگوچە تۈسكە ئىگە بولغان، ھاياتىي كۈچى ئۇلۇپ - تاشقان، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىنىدۇ. ئېلىمىز ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا ياش ئەۋلادلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشى ۋە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ماددىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلىدۇ.

ئۇلۇغ دەۋر كەڭ ياشلارنى 7 - بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇشقا چاقىرماقتا. پارلاق كەلگۈسى ياشلارنى كۈتمەكتە. ئۇلۇغ دەۋرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش — ياشلارنىڭ ئارزۇسى ۋە مەجبۇرىيىتىدۇر. قانداق قىلغاندا بۇ ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئادا قىلغىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭ ئۈچۈن ياشلار پارتىيە تاپشۇرغان تۆرت ۋەزىپىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇنلاش ئاساسىدا، ئەمەلىيەت جەريانىدا زامانىۋى بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك. زامانىۋى بىلىملەر ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر. شۇڭا ياشلار ئالدى بىلەن بۇ ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئەڭ مېغىزلىق قىسمى بولغان ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللىنىش، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن توغرا سىياسىي نىشاندا چىڭ تۇرغىلى، ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلغىلى بولىدۇ. 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەردە، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بارىمىز. بۇ، بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىشلار بولۇپ، بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كونا ئىدىيە، كونا ئادەتلەرنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىشكە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان بارلىق كونا رامكا، كونا ئۇسۇللارنىڭ ئاسارىتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈشكە، ئىزدىنىش جەريانىدا يېڭى يول تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەت ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بولغاندىلا، ئاندىن نىشاندىن ئادىشىپ قالماي داۋاملىق ئالغا باسقىلى بولىدۇ.

بىلىم — كۈچ دېمەكتۇر. ئېلىمىز 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە كېيىنكى 10 يىللىق گۈللىنىش ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن بىر قەدەر پۇختا ماددىي ئاساس يارىتىشتا تەبىئىيھالدا پەن - تېخنىكىغا ۋە زامانىۋى بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ئىختىساسلىق خادىملارغا تايىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىمۇ يەنىلا ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئىلمىنى ئىگىلىگەن، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايدىغان ئىختىساسلىق خادىملار بولۇشى كېرەك. شۇڭا ياشلار پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. دەۋر ياشلارغا يۈكلىگەن ۋەزىپە شەرەپلىك ھەم مۇشەققەتلىك. ياشلار بۇ ۋەزىپىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە بىلىمىنى، ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، 7 - بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. (5)

# شىرىپ سەلەينىڭ ئۈچ ئىشى



ئەخەت مەھەممەت

يېقىندا ئۇ يېزا مائارىپى ئۈچۈن مىڭ يۈەن ئىئانە قىپتۇ... ئۇ يەنە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ھەر بالىنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپتۇ...

— كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شۇنداق بولسا...

قەشقەر شەھىرىگە تەۋە شامالباغ يېزىلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى شىرىپ سەلەينى بۇ يېزىدىكى كىشىلەر ئەنە شۇنداق تەرىپلىشىدۇ.

شىرىپ سەلەي بۇ يېزىنىڭ 11 - كەنت 3 - ئائىلە گۇرۇپپىسىدىن بولۇپ، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان ئۆزىنىڭ تامچىلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، جاپالىق ئەجرى بىلەن ئائىلە ئىگىلىكىنى تىكلەپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەردىن بولۇپ قالغان ئىدى. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تامچىلىقتا ماھىرلىقى، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە ئىقتىدارلىق ياش ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1980 - يىلى ئۇنى يېزا قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مەسئۇللىقىغا بېكىتتى ھەم شىركەتنى ھۆددىگە بەردى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرسە يەنە بىر تەرەپتىن شىركەتتىكى ئىشچىلارنىڭ ھۈنەر - تېخنىكا ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، يېڭى ئۇسلۇبتىكى ۋە مىللىچە ئۇسلۇبتىكى بىر قەدەر زامانىۋى قۇرۇلۇشلارنى دادىللىق بىلەن ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەپ، بۇ كىچىك شىركەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەت بەش يىل ئىچىدىلا دۆلەتكە 32 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرغاندىن سىرت 30 مىڭ يۈەن مەبلەغكە ئىگە بولدى. ئىشچىلارنىڭ شەخسىي كىرىمىمۇ كۆپەيدى. شىرىپ سەلەيمۇ ئۆز ئەجرىگە لايىق ئىقتىسادىي كىرىمگە ئىگە بولدى.

1980 - يىلدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىر كونا ۋېلسىپىتى، بىر دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى بار ئىدى. ھازىر ئۆيىدە تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، بىر دانە تراكتورى، 23 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە بانكىدا 23 مىڭ يۈەن نەخ پۇلى بار.

كىشىلەر ئېيتقىنىدەك ئۇ بېيىغاندا ئەل غېمىدە بولۇشنى ئۇنتۇمىدى. تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار، قارىغۇچىسى يوق ئابلاچوگاخۇن، مەرەمنىسا ئايۇپ قاتارلىق 30 نەپەر كىشىگە 300 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىن قۇرۇلۇش سىخمىلىرىنى سىزىش تېخنىك خادىملىرىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان شىرىپ سەلەي ئۆزى ئالاقىلىشىپ ۋە ئۆز يېنىدىن ئوقۇش راسخودى ئۈچۈن 2 مىڭ بىر يۈز يۈەن، ھەر ئايلىق تاماقى ئۈچۈن 45 يۈەندىن پۇل تۆلەپ شاھ بارات ئىسىملىك بىر ياشنى ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپىنىڭ ئىجتىمائىي يەن كەسپىي سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن شىرىپ سەلەي بىلىم مەرىپەتكە بولغان قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن 1985 - يىلى 9 - ئايدا يېزا مائارىپى ئۈچۈن مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. (4)



# بارلىقىنى ئومۇمغا بېغىشلىغان ياش

شەيخىدىن ھاشىم

ئىنسانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھايات ھەممىدىن قىممەت. ھايات ۋە ياشاشنى بىلگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاپ، ئۆز ھاياتىدىن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرالايدۇ. 22 ياشلىق ئالىمجان سەلەي ياشلىق باھارىنى دۆلەتنىڭ مال-مۈلكى ۋە سىنىپىي قېرىنداشلىرىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بېغىشلاپ كىشىلەر قەلبىدە ئۆچمەس مەشئەل بولۇپ قالدى.

ئالىمجان سەلەي ئىلى كۆن-خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ ياش ئىشچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئېغىز چوڭ ئۆيدە غۇلجا ناھىيىلىك ئاياق-كىيىم تىكىش كارخانىسىنىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىدىن ئۆگىنىشكە كەلگەن بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان 20 نەپەر قىز ياتاتتى. يېڭى يىل ھارپىسى بولغاچقا قىزلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆيىگە قايتقان بولۇپ، ياتاقتا سەككىز نەپەر قىز قالغان ئىدى. 1986-يىلى 1-يانۋار ئەتىگەن سائەت بەشلەر ئەتراپىدا تۇساتتىن ئوتتۇرىدىكى قىزلار ياتىقىدىن ئەنسىز ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان ئالىمجان يۈگۈرگەن پېتى ياتاققا باردى. قىزلار خۇددى ئۆزلىرىگە قۇتقازغۇچى باشپانا تاپقاندەك ئۇنىڭغا: قارىس قىلغان ئاۋازدىن كېيىن تورۇستىن توپا چۈشكەنلىكىنى ئېيتتى. ئالىمجان ئۆيگە كىرىپ ئەھۋالنى كۆزەتكەندىن كېيىن قىزلارغا بۇ ئۆينىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ئېھتىمالى بار، سىلەر ئۆيگە كىرمەڭلار، دېدى. ئۆينىڭ ئۈستى تاختاي ۋە قومۇش بولۇپ، ئۆرۈلۈپ كەتسە ئوت ئاپىتى يۈز بېرىش خەۋپى بار ئىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن غىل-پاللا ئۆتتى-دە، قولىنىڭ ۋە كىيىملىرىنىڭ كۆيۈشكە قارىماي ئوت كۆيىۋاتقان مەشنى چەبدەسلىك بىلەن كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئاندىن يۈگۈرۈپ توك يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئالىمجان ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىپ 18 كىشىلىك يوتقان-كۆرپە ۋە كىيىم-كېچەكنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئاخىرقى قېتىم ئۆيگە كىرىپ خەنزۇ قىز رېن شېچىڭ ۋە شىبە قىز زاشوجىنىڭ يوتقان-كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئەندىلا كۆتۈرۈشكە گۈلدۈر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆگزە ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئالىمجان ئاستىدا قالدى. ئەتراپنى چاڭ-توزان قاپلىدى. زاۋۇت ئىچى قايغۇلۇق ماتەم تۈسىگە كىردى...

ئالىمجان 1982-يىلى زاۋۇتقا كىرگەن بولۇپ، ئىرە ئاشلاش گۇرۇپپىسىدا ئىشلەيتتى. ئۇ پاسكىنىچىلىقتىن، ھۆلچىلىكتىن، جاپادىن قاچمايدىغان، خىزمەتتە ۋاقىت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغان ئۈمىدۋار ياش بولۇپ، كەسىپنى قىزغىن سۆيەتتى. ۋەزىپىنى ۋاقتىدا سان-سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئاشۇرۇپ ئورۇنلايتتى. شۇڭا ئۇ 1984-يىلى زاۋۇت بويىچە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان ئىدى...

زاۋۇت پارتكومى «ئالىمجاندىن ئۆگىنىش قەسەمياد يىغىنى» ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر ياش» دەپ نام بەردى. ئالىمجان بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ باسقان ئىزى، ئومۇم ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك كوممۇنىستىك روھى ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ. (4)



# بۇ قەدەمنى پۇختا باسىشىمىز



بىز كۆپىنچە دەرسكە كىرىپ لېكسىيە ئاڭلاش، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن تەكرارلاش، ئۆزىمىز ئوقۇش ئارقىلىق بىلىم توپلايمىز. شەك - شۈبھىسىزكى بۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇ باسقۇچنى ئورۇنلىماي ھەرقانداق بىلىمنى ئىگەللەش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇ ئۆگىنىشنىڭ پۈتۈن جەريانى ئەمەس. مېنىڭچە ئۆگىنىشنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا يەنە پىكىر قىلىش ۋە ئىجات قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچ بار. ئادەم بىلەن ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ ئادەمگە ئوخشاش ئىجادىي تەپەككۇرى بولمىغانلىقىدا، شۇڭا بىز ئۆگىنىشتە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە ئىجاتچانلىق ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىنتايىن دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

پىكىر قىلىش — ئۆگىنىشنىڭ ھەزىم قىلىش، توپلىغان بىلىملەرنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش باسقۇچى. بىز دەرس ئاڭلىغان، كىتاپ كۆرگەن چېغىمىزدا كۆپ ئىنفورماتسىيە قوبۇل قىلىمىز. بىراق، ئومۇمەن قىلغاندا چۈشەنچىمىز تېخى يۈزەكى ھالەتتە بولىدۇ، شۇڭا بۇ يۈزەكى نەرسىلەرنى مېڭىمىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىخلاس بىلەن پىششىقلاپ ئىشلىشىمىز، رەتلىشىمىز ۋە تاللىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ بەزى مۇھىم مەسىلىلەردە، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئاقىۋىتىنى، سەۋەب، نەتىجە مۇناسىۋىتىنى بىر قېتىم چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز، نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئالنى بىرقانچە قېتىم كۆپرەك قويۇشىمىز، ئىمكان قەدەر جاۋاب تېپىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق تەكرار جاپالىق پىكىر يۈرگۈزگەندىلا ساختىسىنى چىقىرىۋېتىپ، راستىنى، شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ مېغىزىنى ئايرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا بىلىم ئىگەللەش، مەسىلىلەرنى چۈشىنىش چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە پۇختا بولىدۇ.

ئىجات قىلىش. بۇ — توپلاش ۋە پىكىر قىلىشنىڭ مەقسىدى، ئىجات قىلىش، ئۆگەنگەن بىلىملەر ئارقىلىق بىر، ئىككى ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىش دېمەكتۇر. ئىجات قىلىش يېڭىباشتىن بىلىم جۇغلاش، مەسىلىلەرگە ئىخلاس بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە قوزغىتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە ئۇنى بەلگىلەيدىغان نىشان؛ بەلكى ئىجادىيەتنىڭ جەريانى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر خىل ئۆگىنىش جەريانى، ھەمدە توپلىغان بىلىم ۋە پىكىر قىلىش نەتىجىسىنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىش ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزۈشتىكى ئاچقۇچلۇق جەريان.

توپلاش، پىكىر قىلىش ۋە ئىجات قىلىش — ئۆگىنىشنىڭ تۆۋەن، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى باسقۇچلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئالدىنقىسى ياكى ئالدىنقى ئىككىسى كېيىنكىسىنىڭ ياكى كېيىنكى ئىككىسىنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. بۇ ھامان مېنىڭ تەركىبىمدە سەن بار، سېنىڭ تەركىبىڭدە مەن بار، دېگەندەك مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇلار ئۆز ئارا كىرىشىپ كەتكەن، ئېنىق ئاجرىتىش قىيىن. بىراق ئۆگىنىشنىڭ ئوخشاشمايدىغان باسقۇچلىرى بولغانلىقتىن ئۇلار يەنىلا يۇقىرى- تۆۋەن باسقۇچقا ئايرىلىدۇ. يەڭگىل ۋە ئېغىرلىق ئايرىلمىسى بولىدۇ. ئۆگىنىش داۋامىدا بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغاندىلا بىلىمنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىگىلىگىلى ۋە ئىشلەتكىلى ھەمدە ئۇنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ. (5)

(يۈسۈپ مامۇت رەتلىگەن)

## كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس



# چۈشىنىش مۇھەببەتنىڭ ئاساسى

ن. تۇرسۇن

بىر دوستۇم مەلۇم يىگىت بىلەن يۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا توي قىلماقچى بولغان ئىدى. بىز ئۇنىڭغا بەك ئالدىراپ كەتمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلدۇق. لېكىن ئۇ، ئىنتايىن ئىشەنچىلىك ھالدا: «بىز مەڭگۈ ئايرىلماي، ئۆمۈر بويى بىر - بىرىمىزگە سادىق بولۇپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئۆز ئارا قەسەم ئىچىشتۇق، قەسەمىمىزنى تېخى ئۈن ئالغۇغىمۇ ئېلىۋالدۇق» دېدى. كىم بىلسۇن، توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىرىكچىلىك پەيدا بولدى. باشتا قېيىدىشىپ يۈرۈشتى، كەينىدىنلا جەڭگى-جېدەل باشلاندى، قىلىشقان ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ لەۋزىدە تۇرمايدىغان بولدى، بالدۇر بىلمەپتىمەن دەپ ئۆز - ئۆزىگە ئاچچىقلايدىغان بولدى، لېنتىغا ئېلىنغان قەسەملىرىنىمۇ ئۆچۈرۈۋېتىلدى. ئاخىر ئايرىلىپ كېتىشتى. بۇنىڭغا ئوخشاش تېز توي قىلىپ تېز ئاجرىشىدىغان ئەھۋاللار رېئال تۇرمۇشتا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ ياش دوستلارنىڭ ئالدىدا مۇھەببەت گۈلىنى نېمىگە تايىنىپ ئېچىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى قويىدۇ.

مېنىڭچە، پەقەت «قەسەم ئىچىش» بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۆز ئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئەمما، ھەقىقىي چۈشىنىشكە ئېرىشىش ئانچە ئاسان ئەمەس، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە مىجەز - خۇلقىنى ئىگەللەش، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئىگەللەشكە قارىغاندا ناھايىتى قىيىن، ئەمدىلا مۇھەببەتلەشكەنلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن قارىغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپكە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ھەر ۋاقىتتا گۈزەل نەرسىلىرىنى كۆرسىتىپ، مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا يېتەرسىز تەرەپلىرىنى يوشۇرىدۇ. مەسىلەن: بېخىل ئادەملەر بەلكىم ئۆزىنى ناھايىتى مەرت قىلىپ كۆرسىتىشى، مىجەزى ئىتتىك ئادەملەر ئۆزىنى بەلكىم ناھايىتى يۇۋاش قىلىپ كۆرسىتىشى مۇمكىن، ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغانلار قولىغا بىر نەچچە كىتابنى ئېلىۋېلىپ، كىتاب ئوقۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قەسەمگە مەھكەم ئېسىلىۋالغان بىلەن بولمايدۇ. قىلغان سۆزنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۈزىتىش كېرەك. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى نەرسىلەر پەقەت مەلۇم شارائىت ۋە مۇھىت ئاستىدىلا ئاندىن تولۇق ئاشكارىلىنىدۇ. «ياشلىق ناخشىسى» دېگەن كىنودا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بار: لىن داۋجىڭنىڭ يۈيۈگۈزىغا قارىتا تەسىرى دەسلەپتە ناھايىتى ياخشى بولغان، لېكىن چاغاننىڭ ھارپا ئاخشىمى تىلەمچى بوۋايغا 10 يۈەن پۇل بەرگەندىن كېيىن لىن داۋجىڭغا ئىنچىكە مۇلايىم بولۇپ كەلگەن يۈيۈگۈزىنىڭ ئىنتايىن شەخسىيەتچى، كىشىلەرگە قارىتا شەپقەتسىز قىياپىتى بىردىنلا ئاشكارىلىنىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لىن داۋجىڭ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ھەقىقىي تونۇۋالىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۆز ئارا چۈشىنىش ئۈچۈن، مۇھەببەتلىشىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش، كۆپرەك سىنىشىپ بېقىش كېرەك، ئۈزلۈكسىز چۈشىنىش جەريانىدا ھۆكۈم چىقىرىش، دەڭسەپ كۆرۈش ۋە تاللاش كېرەك. ھېسسىياتقا تايىنىپ ئالدىراپ توي قىلماسلىق كېرەك. ئۇنداق قىلىش باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ ئازاب كەلتۈرىدۇ. (5)

## كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر



# ئوقۇشۇتۇشنىڭ سېھرى كۈچى

ئوقۇتۇش — تەسەۋۋۇرنىڭ قانىتى، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرى. ئارىستوتېل: «ئوقۇتۇش — تالانت ئىگىسىنىڭ بىلىش بەلگىسى» دېگەن. ئالىملارنىڭ نەزىرىدە ئوقۇتۇش يۈكسەك ھېسسىيات قوزغاپ ئالغا ئىنتىلىشنىڭ ئەپچىل يولى بولۇپ قالغان. گېرمانىيىلىك ئاسترونوم كېپلېر ئوقۇتۇشنى: «تەبىئەت سىرىنىڭ ئىشتىراكچىسى»، ئۆزىنىڭ «ياخشى ئۇستازى» دېگەن.

بىراق، ئالىملارنىڭ كۆپىنچە ئوقۇتۇشلىرى ئاۋال ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ ئاندىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋە بايان قىلىنغان. ئۆزىنى بۇنداق نەپىس ۋە تەڭداشسىز تەمسىل قىلىش ئىلىم-پەن دېڭىزىدا مەرۋايىتتەك نۇر چاچقان، شۇنىڭدەك كېيىنكى ئەۋلادلارنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇرغان.

پىلە قۇرتى ئۆلگىچە توختىماي يىپەك چىقىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ خالىسلىق روھىنىڭ سىمۋولى. ئۇ ئۈجمە يوپۇرماقلىرىنى يەپ كۈمۈشتەك يىپەك چىقىرىپ پۈتۈن زېھنىي ۋە جىسمانىي كۈچىنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن تەبىئىي ۋە بىمالال ئۆكۈلۈپ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.

كيۇرى خانىم بۇ پىلە قۇرتىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن ئىدى: پىلە قۇرتىنىڭ توختىماي ئىشلەش روھى مېنى ھەقىقەتەن ھاياجانلاندۇردى. مەن ئۇلار بىلەن ئوخشاش مەخلۇق بولالمىمۇ، لېكىن ئۇلاردەك مۇكەممەل ئىشلەپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

كيۇرى خانىم «ئۆزىنى پىلە قۇرتى بىلەن ئوخشاش مەخلۇق» دەپ ئۆزىنى پىلە قۇرتىغا ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئوخشاتقان. كيۇرى خانىم رادىينى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، چاڭ-توزان قونۇپ كەتكەن پاسكىنا خىزمەت كىيىمى بىلەن پاكار لاپاس تېگىدە توختىماي ئىشلىگەن.

كىشىلەر تەرىپىدىن ئالىم ۋە ئىلمىي سەنئەتكار دەپ ئاتالغان ئېينىشتېيننىڭ نۇرغۇن ئوقۇتۇشلىرى كىشىلەرگە ئۆزلۈكسىز ئىلھام بېرىپ كەلمەكتە. ئۇ مۇنداق دېگەن: «پىكىر قىلغاندا ئوبرازنى كېڭەيتىپ، ئۆزىنى پىكىر قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئالايلۇق، ئاتوم ئۈستىدە پىكىر قىلغاندا ئۆزىنى ئاتومغا ئايلاندۇرۇش، ئېلېكترون ئۈستىدە پىكىر قىلغاندا ئۆزىنى ئېلېكترونغا ئايلاندۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا كاللىمىزدا تۇتۇق بولۇپ كېلىۋاتقان بەزى نەرسىلەرنى ئېنىقلىۋالغىلى ھەمدە يېڭى كەشپىياتلارنى يارىتقىلى بولىدۇ.»

ئۆزىنى ئاتوم، ئېلېكترونغا ئوخشىتىش، روشەنكى ناھايىتى كۈچلۈك مۇبالىغە قىلىنغان ئوخشىتىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بىر خىل ئىلىم-پەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى بايان قىلىنغان، ئوبرازلىق تەپەككۇرمۇ ئىلىم-پەن ئىجادىيىتىدىكى بىر خىل ئاساسىي ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالىملارنىڭ ئوخشىتىشلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنىڭ غەلىبىسى ھەم ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق تەپەككۇرىنىڭ گۈللىنىشى. بۇنداق ئەپچىل ئوخشىتىشلار ئالىملارنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن چاقنىغان ئۇچقۇنلارغا ئوخشاش ئىنسانلار مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ ئاسمىنىنى يورۇتۇپ كەلمەكتە. (5)

(فاڭ بېگرۇڭنىڭ ماقالىسىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەندى)

## بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما

# ئەھمىيەتلىك پىكىر، دىققەت قىلىدىغان مەسىلە

تۇنىياز سابىت

مەن يولداش يالقۇن مەخمۇتنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆتكەن يىلىق 12 - سانىدا بېسىلغان «ئولتۇرۇشنىڭ ۋاقتى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك» دېگەن ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ماقالە ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئانچە بەك دىققەت قىلمايۋاتقان، ئەمما دىققىتىمىزنى تارتىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ، تۇرمۇش باياشات، ئۆز ئارا ئىناق، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلماقتا. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش كۆپىيىپ، داستىخانلار كېڭىيىپ، يولداش يالقۇن مەخمۇت ئوتتۇرىغا قويغاندەك «ئولتۇرۇش»لارمۇ ئۆزلۈكسىز بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا يولداش يالقۇن مەخمۇتنىڭ بۇ پىكرى رېئاللىق ئەھمىيەتكە ئىگە. جەمئىيىتىمىزدىكى ئاز بولمىغان بىر قىسىم كىشىلەرگە بولۇپمۇ «بىكاردىن كېپەن تېپىۋالسا، ھازىر ئۆلىۋالىدىغانلارغا» بولغان تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ.

مەن بىر دۆلەت كادىرى، قاتاردىن قالغىچە دەپ گاھىدا ئۆز ئارا بېرىش - كېلىش، توي - تۆكۈنلەر، ئاغىنە-بۇرادەرلەر ئۆتكۈزگەن «ئولتۇرۇش»لارغا ئاز-تولا قاتنىشىپ قالىمەن. مۇشۇنداق سورۇنلار گاھىدا خۇددى ماقالىدا تىلغا ئېلىنغاندەك «چېكى يوق» سورۇنلارغا ئايلىنىپ، ھاراق ئىچسۇن - ئىچمىسۇن ھەممىسىگىلا تەڭ زورلايدىغان، ھاراق ئىچمەيدىغانلارغا مەجبۇرىي ھاراق ئىچكۈزىدىغان، ئاخشىمى ئولتۇرسا تاڭ ئاتقۇزىدىغان ئادەتلەر خېلى ئەۋج ئېلىپ قالدى. بەزى كىشىلەر بەش قول ئوخشاش بولمىغاندەك كىشىلەرنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى، مىجەزىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، شۇ كۈندىكى سورۇنغا ئىشتىراك قىلغانلىكى ئادەمنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، مەقسەتكە يەتمىگىچە توختىمايدۇ. گويا ھەممە ئىش شۇ «ئولتۇرۇش» بىلەنلا بىر تەرەپ بولۇپ كېتىدىغاندەك، ئەتىسى ئىشلەيدىغان خىزمەتنى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئېرىسىغا تاشلىۋېتىدۇ. ئۇلار ئىچكەنچە قىزىپ شۇ كۈندىكى ساھىبخان ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ئارام ئالغۇزمايدۇ. «مېھمانلار»مۇ تۈزۈك ئارام ئالالمايدۇ. ئەتىسى بولسا «ئېغىرلىشىپ» قالغانلىقى ياكى «ھاراق چىشلىۋالغانلىقى» ياكى «كېسەل» بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتتە ئەلەڭ-سەلەڭ يۈرۈپ، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، ھەتتا بەزى ئورۇنلاردا ئەشۇنداق «ئولتۇرۇش» تۈپەيلىدىن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ ئاچچىق ساۋاقلار ئەلۋەتتە دىققىتىمىزنى قوزغىشى كېرەك. بىز ھەرگىزمۇ بېرىش-كېلىش قىلماسلىق، «ئولتۇرۇش» قىلماسلىق كېرەك دېمەيمىز. ئەمما بۇنداق «ئولتۇرۇش»نىڭ ۋاقتى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ئاخىرىدا ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ يولداش يالقۇن مەخمۇتنىڭ ماقالىسىنى قايتا ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. (9)

## كىتابخانلار مەجلىسى

ئۆتكەن يىل 10- ئاينىڭ 10- كۈنى «گۇگۇڭ مۇزېيخانىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى»نى خاتىرىلەپ پوچتا ماركىسى تارقىتىلدى. بۇ ماركىلاردا جۇڭگونىڭ كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ۋاھالەنكى، جۇزۇڭلىنىڭ ئاسرىشى بولمىغان بولسا گۇگۇڭنىڭ خارابىلىققا ئايلىنىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

1966- يىل 8- ئاينىڭ 8- كۈنى بېيجىڭ كوچىلىرىدا «تۆت كونىنى بۇزۇش»، قوشۇنلىرى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلايدۇ.

## جۇزۇڭلىنىڭ گۇگۇڭنى قوغداپ قېلىشى

دەل شۇ ئاخشىمى جۇزۇڭلى باشقۇرغان بىر يىغىندا دەرھال گۇگۇڭنى تاقاش قارارى چىقىرىلىدۇ. دېگەندەك ئەتىسى سەھەردە ئۇرغۇنلىغان قىزىل قوغدىغۇچىلار بۇ يەرنى ئورىۋېلىپ «ئىشىكنى ئاچ» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. لېكىن خىزمەتچىلەر: «مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن گۇگۇڭ تاقالغان، ھەرقانداق ئادەم ئىچىگە كىرەلمەيدۇ» دەيدۇ. «كىچىك باتۇرلار»نىڭ غەزىپى پەلەككە يەتكەن بولسىمۇ گۇگۇڭ سارىيىغا كىرەلمەي بىر نەچچە شوئار تۇۋلاپلا كېتىپ قالىدۇ. (9)

# كۆۋرۈك قارتا ئويۇنى

بىر قېتىم دېڭشياۋپىڭ بىلەن خۇياۋباڭ چاۋشيەنگە زىيارەتكە كېتىۋېتىپ، «قارتا» ئويۇنى توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: «مەن قارتا ئويناش كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ياخشىلايدۇ. پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، جىددىي ئادەمنى ياخشى دەم ئالدۇرىدۇ دەپ ھېس قىلىمەن، شۇڭا سىزنىمۇ بۇ ئويۇننى ئويناپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىمەن.» شۇندىن كېيىن، خۇياۋباڭ خىزمەت ئالدىراش چاغلاردىمۇ، بوش ۋاقىت چىقىرىپ قارتا ئويۇنى ئوينايدۇ.

1985- يىل 5- ئايدا، مەركەزدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق قارتا مۇسابىقىسىدە، خۇياۋباڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۆز رىقابەتچىلىرىنى كەينى-كەينىدىن يېڭىدۇ. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە تەجرىبىسى مول بولغان دېڭشياۋپىڭ گۇرۇپپىسىغا ئۇتتۇرۇپ ئىككىنچىلىككە ئېرىشىدۇ. (5)

يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ مەسئۇللىرىدىن يې تىڭ، شاڭ يىڭ قاتارلىق يولداشلار 1939- يىل 3- ئاينىڭ بېشىدا يېڭى 4- ئارمىيىنىڭ ئارمىيە مارشى تېكىستىنى ئىجاد قىلىشنى ئويلىشىدۇ. بۇ ئىشتىن يولداش چېن يى خەۋەر تاپىدۇ. ئۇ شۇ يىلى «ئون يىل» دېگەن ماۋزۇدا شېئىر يېزىپ چىقىدۇ. ھەممە يې تىڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن قايتا-قايتا مۇزاكىرىلىشىپ لايىھىلىگەندىن كېيىن بۇ «ئون يىل»دېگەن ماۋزۇدىكى شېئىرنى ئاساس قىلىپ يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ ئارمىيەمارشى تېكىستىنى يېزىپ چىقىدۇ.

مارش تېكىستى يېزىپ چىقىلغاندىن كېيىن يېڭى 4- ئارمىيە ئىچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان مەشھۇر مۇزىكانت خې شىدى ئۇنىڭغا نوتا تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ ھەربىي مارش ئۆز ئاھاڭىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن يېڭى 4- ئارمىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىنى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ياپونغا قارشى ئەزىمەتلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. (5)

# يېڭى 4- ئارمىيە مارشى

## دېڭ جۇڭشيانىڭ ھەجۋىي رەسىم سىزىشى

ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر داھىسى دېڭ جۇڭشيا ئەينى ۋاقىتتا ئاجايىپ ئۇستا رەسسام ئىدى.

1921- يىلى چاڭشىندىن ئىشچىلار كۇلۇبى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى تەشكىللىگەندە، ئۇ بىر پارچە ھەجۋىي رەسىم سىزىپ چىقىدۇ. ئۇ سىزغان ھەجۋىي رەسىمدە كاپىتالىستنىڭ تۈزۈمىنىڭ سىرتىمقى بىر ئىشچىنىڭ بويىنىغا سېلىنغان، ئىشچى بولسا: «ئىڭ جاپاكەشلەر بىز ئىشچىلارمىز!» دەپ توۋلاۋاتقان بولۇپ، دېڭ جۇڭشيا بۇ ئارقىلىق كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئىشچىلارنىڭ ئازاب چەككەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1925- يىلى «30- ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدە دېڭ جۇڭشيا «گۇاڭجۇ- شياڭگاڭ ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش ئەھۋالى» دېگەن كىتابنى يېزىپ ئۇنىڭ مۇقاۋىسىغا يوغان قورساق بىر ئەنگلىيىلىكنىڭ گاڭگىراپ قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بىر ھەجۋىي رەسىم چۈشۈرگەن. (5)

## گېنېرالنىڭ كىچىككىنە بىر ئىشى

قەھرىمانىمىزنىڭ مەشھۇر ھەربىي قوماندانى شۈي شيۇ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى جەڭ مەيدانىدا ئۆتكۈزگەن.

بىر قېتىملىق جەڭدە ئۆلگەننى دوراپ يېتىۋالغان بىر دۈشمەن ئوفىتسېرى بىر دۈۋە ئوت- چۆپنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ شۈي شيۇنىڭ پېشانىسىنى قارىلاپ ئوق چىقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ شۈي شيۇغا قاراپ ئۈمۈلەپ كېلىدۇ. دۈشمەن شۈي شيۇغا ئېتىلغىچە شۈي شيۇ ئاغزىدىكى قاننى دۈشمەننىڭ يۈزىگە پۈركەيدۇ. ئارقىدىنلا دۈشمەننىڭ قىلىچىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىچىدا ئۆزىنى جايلايدۇ. يولداش شۈي شيۇ مۇھاپىزەتچىگە ۋۇگۇا پىلىكىدىن ئىككى تال تېپىپ ئەكەلدۈرۈپ، توۋۇلغان ھامان ئۇنىڭ شىرنىسىنى پېشانىسىگە بېسىشنى ئېيتىدۇ. ئارقىدىنلا قولىنى يارا ئاغزىغا تىقىپ ئوقنى ئالىدۇ، بۇنى كۆرگەن جەڭچىلەر ۋۇگۇا پىلىكىنى گېنېرالنىڭ پېشانىسىگە باسىدۇ. (5)

يولداش يې تىڭ قول ئاستىدىكى جەڭچىلەرگە قىدىتىمىي ۋە سەممىمىي مۇئامىلىدە بولاتتى. ئۇ خىزمەتتە ناھايىتى ئالدىراش بولغاچقا، ھەر كۈنى كەچ سائەت 12 دە دەم ئالاتتى.

بىر كۈنى تۈن كېچىدە يې تىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن خىزمەت قىلىۋېتىپ بىر خىل سوغۇق شامال ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ- دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا قارايدۇ. بۇ چاغدا قاتتىق قار يېغىۋاتاتتى. ئۇ ئۇدۇلدىكى ئاۋازدا مۇھاپىزەتچى خادىمنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىر قارا

## ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئويلاش

جۇۋىدىنى پوستتا تۇرۇۋاتقان مۇھاپىزەتچى خادىمغا ئاپىرىپ بېرىشنى، چوغدانىنى ئىككىنچى جايدا پوستتا تۇرۇۋاتقان جەڭچىنىڭ ئىسسىنىشىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتىدۇ.

مۇھاپىزەتچى خادىملار يې تىڭ يېپىنىپ كېلىۋاتقان ھەربىي يوتقىنىنىڭ نېپىزلىكىنى كۆرۈپ تاقاتسىزلەنگەن ھالدا: «باشلىق ئۆزىڭىزچۇ ...» دېيىدۇ. يې تىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن ئۆيدە بولغاندىن كېيىن ھېچقىسى يوق» دەيدۇ. (3)




ئەمەتتوختى غېنى

ئۆتكەن يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچ سائەت 9دىن 30 مىنۇت ئۆتكەن چاغ، ئەمدىلا كۈگۈم چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى. سەككىز ياشلىق خەنزۇ ئۆسمۈر ئويۇنچى بىلەن توققۇز ياشلىق خەنزۇ ئۆسمۈر ليۇۋى خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى يىپەكچىلىك سېخىنىڭ يېنىدىكى كۆلچەككە بېرىپ سۇغا چۈشىدۇ. بۇ چاغدا يىپەكچىلىك سېخىنىڭ ئىشچىسى سالامەت باقى ھاجەتخانىغا كېتىۋېتىپ بىر بالىنىڭ سۇدا گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىددىيلەشكەن ھالدا «كۆلچەككە بالا چۈشۈپ كەتتى، قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋاقىرايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئارقا يىپ سېخى ئىشچىسى تۇرغۇن مەمتىمىن يۈگۈرۈپ كېلىپ سۇغا چۈشۈپ، ئويۇنچىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قوسىقىدىكى سۇنى ياندۇرىدۇ. ئاندىن بالىنى يۈدۈپ دوختۇرخانىغا يۈگۈرەيدۇ. بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ: يەنە بىر بالا بار ئىدى، دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، بالىنى دوختۇرغا تاپشۇرۇپ بېرىپلا خىزمەتدىشى ئابدۇللا مەتروزى بىلەن بىرلىكتە ۋېلىسىپىت بىلەن ئۇچقاندەك كۆلچەك قېشىغا كېلىدۇ - دە، كۆلچەكنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدىن تېزلىك بىلەن سۇغا سەكرەپ يەرنى سىلاشتۇرۇپ ئىزلەپ، ئاخىرى ليۇۋىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىدۇ. بىراق بالا سۇنىڭ تېگىدە ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن چىرايى قارىداپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن، تومۇرلىرىمۇ سوقۇشتىن توختاپ قالاي دەپلا قالغان ئىدى. تۇرغۇن مەمتىمىن بالىنى يۈدۈپ دەرھال دوختۇرخانىغا يۈگرەيدۇ. بالىنىڭ ئېغىزىدىن ياندان قۇسۇقلىرى ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىگە ساقىپ چۈشىدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن قىلچىمۇ يىرگەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتىن ئارتۇق ئىش بولمايدۇ - دە، ئەلۋەتتە...

دوختۇرلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە جىددىي قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق ئويۇنچىنىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. ئۇ قايتىدىن دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. لېكىن ليۇۋى قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قازا تاپىدۇ.

ئىش يۈز بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئويۇنچىنىڭ ئاتا - ئانىسى يوقلاپ بارغان يولداشلارغا قېرىنداشلىق مۇھەببەت ياشلىرىنى تۆكۈپ: «ئەگەر ئۇيغۇر قېرىنداشلار بالىمىزنى سۇدىن قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولسا، بالىمىز ئاللىقاچان ھاياتىدىن ئايرىلغان بولاتتى. ئۇ چاغدا بىز نېمە بولۇپ كېتەتتۇق؟! بىز بۇ ئۈچ نەپەر يولداشقا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز» دەپ ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى فابرىكا ئىتتىپاق كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، تۇرغۇن مەمتىمىن قاتارلىق ئۈچ نەپەر ياشنىڭ سۇغا چۈشۈپ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان ئىككى نەپەر خەنزۇ ئۆسمۈرنى قۇتقۇزۇش يولىدىكى تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى بېسىپ تارقىتىش ھەمدە فابرىكىدىكى بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ۋە مەكتەپتىكى ئۆسمۈرلەرنى ئۇلارنىڭ ئالىيجاناپ كوممۇنىستىك روھىدىن ئۆگىنىپ، غايىلىك ياشلاردىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشقا چاقىردى. (4)

## كۈچ ئۆملۈكتە



# قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەش كېرەك



م. ئەخمەت

بەزى ياشلار كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا قىيىنچىلىققا يولۇقسا ياكى ئۆگىنىشتە توسالغۇغا ئۇچرىسا ئۆكۈنگەن هالدا: «هالىمغا بېقىپ ئىش قىلسام بوپتىكەن» دەپ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياش ئۆزىدىمۇ سەزمىگەن هالدا ئارقىغا چېكىنىدۇ. نەتىجىدە «هالىغا بېقىپ ئىش قىلىش» قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەش»نىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ قالىدۇ. بۇ ياشلار ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك.

«هالىغا بېقىپ ئىش قىلىش» دېگەنلىك، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى توغرا مۆلچەرلەش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ شۇ كىشىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىكلىكى، ئىرادىسىنىڭ بار-يوقلۇقى، ئىشەنچىسىنىڭ بار-يوقلۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نوقۇل هالدا بىلىمى بولۇپ، مۇستەهكەم ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسى بولمىسا بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، ئىرادىلا بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە بىلىمى ۋە ئىشەنچىسى بولمىسا يەنە بولمايدۇ.

ئاتاقلىق ناخشىچى جۇمىگىلىك دېسىلەپ سەنئەت ئۆگىنىگەن چاغدا سىنىپتا هەممىگە تونۇلغان شەرت-شارائىتى ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچى ئىدى. لېكىن ئۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا بوشاشماستىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئاخىرى بىر داڭلىق ناخشىچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. مۇبادا ئۇ شۇ چاغدا هالىمغا بېقىپ ئىش قىلىشىم كېرەك دەپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تۇرۇپ، قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ ئىلگىرىلىمىگەن، جان پىدالىق بىلەن ئۆگەنمىگەن بولسا ئۇ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. بۇنداق مىساللار ناهايىتى كۆپ.

هەممىگە ئايانكى، جاپا چەكمەي، ئىزدەنمەي تۇرۇپ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىمەن دېيىش پەقەت خام-خىيالدىنلا ئىبارەت. كونىلارمۇ «جاپا چەكمەي تۇرۇپ هالاۋەت كۆرگىلى بولماس» دەپ ناهايىتى ياخشى ئېيتقان. شۇڭا بىرەر ئىشنى باشلىغان ئىكەنمىز، ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئۇ ئىشنى چوقۇم باشقا ئېلىپ چىقىشىمىز لازىم. قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ، «هالىمغا بېقىپ ئىش قىلسام بوپتىكەن» دەپ باشلىغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىش ئىرادىسىزلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. بۇنداق ئىرادىسىزلىق داۋاملىشىۋەرسە، كىشىدە ئۈمىدسىز كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىدۇ-دە، بارا-بارا شۇ كىشىنى، مەن-هېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئوخشايمەن دېگەن هېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

شۇڭلاشقا ياشلار قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەشتەك قىممەتلىك روهنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەككى، هالىمغا بېقىپ ئىش قىلىشىم كېرەك دەپ كەينىگە چېكىنمەسلىكى كېرەك. (5)

## چوقان

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدا

غەيرەتجان ئوسمان

ئۇيغۇرلار ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمقى خەلقلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى كونا تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپلا تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن، بىراق قەدىمقى دەۋرلەردە تارىم ئويمانلىقى سۈيى ئەلۋەك، بۈك - باراقسان ئىكەن. مەلۇم دەۋرلەردىكى جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن بىرقانچە ئون مىڭ يىل بۇرۇن، بۇيەردىكى ئىنسانلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، تارىم بويلىرىدا قېلىپ قالغانلىرى بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىگە كۆچۈپ بارغانلىرى ئەسلى خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولۇپ قالغان، تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخىغا ئائىت يازما ماتېرىياللار يوق. ئەمما ئارخېئولوگىيىلىك ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ھەم ئىرقشۇناسلىق ماتېرىياللىرى بىزگە يېتەرلىك پاكىتلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. «خەلق گېزىتى»نىڭ 1981-يىل 2-ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى سانىغا كۆنچى دەريا ساھىللىرىدىن 6470 يىل بۇرۇن ياشىغان بىر ئايالنىڭ جەسىدى تېپىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بېسىلدى. بۇ ئايالنىڭ ئېرزونومىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇ تارىم ۋادىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار ساقلانغان، بۇلارنى ئارخېئولوگىيىلىك ۋە باشقا ماتېرىياللار بىلەنمۇ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى145—135-يىللار) «تارىخىي خاتىرىلەر. بەش پادىشاھنىڭ تەرجىمىھالى»دا: «خۇاڭدى شۈنيۈلارنى شىمالغا قوغلىۋەتكەن ئىكەن» دەپ يازغان. خۇاڭدى خەنزۇ خەلقىنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى شەخس بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىدىن 6000 يىل بۇرۇن ياشىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مانا مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ھازىرقى كۈندىن 8000 يىل بۇرۇن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا «شۈنيۈ» دېگەن بىر قەۋمنىڭ ياشىغانلىقى مەلۇم. شەرقىي خەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم فۇچيەن: «ياۋ دەۋرىدە شۈنيۈ» دېيىلگەن قەبىلە جۇ دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1066— 771-يىللار)دا شيەنيۈن دەپ ئاتالغان، چىن دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206—221-يىللار)دا هون دەپ ئاتىلاتتى» دەپ كۆرسەتكەن. گاۋشيۇنىڭ «لۈلەن. شېنۋېي» (吕览审为) دېگەن كىتابىدا يازغان ئىزاھاتىدا: «دى شيەنيۈنلەر بۈگۈنكى هونلار» دېيىلگەن. مەشھۇر ئالىم ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەر تارىشا پۈتۈكلەر، مىس جابدۇقلارغا ئويۇلغان خەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلىپ تۆۋەندىكىدەك ئىلمىي خۇلاسىنى چىقارغان: «شاڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 16-ئەسىردىن 1066-يىلغىچە)، جۇ دەۋرلىرىدە گۈيفاڭ، خۇنيى، شۈنيۈدەپ ئاتالغانلار، زۇڭ، جۇ دەۋرىدە شۈنيۈن بولسا، چۇنچيۇ دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللاردىن476 - 470 كېيىن، رۇڭ دېيىلگەن ھەم دى دېگەن تەخەللۇسى بولغان. جەنگو دەۋرى

## يىللار ۋە ۋەقەلەر

(مىلادىدىن بۇرۇنقى 475— 221 يىللار)غا كەلگەندە بولسا هون دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە دەۋرگە ئەگىشىپ ئىسىملار پەرقلىق ئىشلىتىلگەن دەپ كۆرسىتىدۇ. «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «يازما هۆججەتلەر تەتقىقاتى»، «كونا بەش سۇلالە تارىخى»، «شۇتۇڭجى» (续通志) قاتارلىق خەنزۇچە هۆججەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى هونلار ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

«يېڭى تاڭنامە»دە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى هونلار ئىدى. ئېگىز چاقلىق هارۋىلىرىدا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن يۈەن ۋېي دەۋرى (مىلادىدىن 557— 493) دە ئېگىز هارۋىلىقلار قەۋمى دەپ ئاتالغان ياكى چىلەۋدېيىلگەن هەم تېلى دېگەن نامىمۇ بولغان دېيىلگەن. «شۇينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر «تارىخى»، «يازما هۆججەتلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق كىتابلاردا تېلىلارنىڭ ئەجدادى هونلار ئىدى دەپ يېزىلغان، «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «يۈەنخې (ئۇيغۇر)لار ۋۇخۇ، ۋۇخې دەپمۇ ئاتالغان، سۇي دەۋرى (618— 581)گە كەلگەندە ۋېيخې دەپ ئاتالغان»، كېيىنكى يىلى... يەنە خۇيخې دەپ يېزىلىشى خۇيخۇ دەپ يېزىشقا ئۆزگەرتىلدى: خۇيخۇ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى شۇڭقاردەك ئالغۇر ۋە قىران دېمەكتۇر. گويىگدى ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نىڭ («خەن دەۋرىدىن يۈەنۋېي دەۋرى ئارىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار») دېگەن ماقالىسىدا «ئۇيغۇر، تۈرك— تېلى، گاۋچې —ئېگىز هارۋىلىقلار ۋە دىڭلىڭلارنىڭ هەممىسى ئوخشاشلا بىر مىللەت» دەپ كۆرسەتسە، فىڭ جيا شېڭ قاتارلىقلار خەنزۇچە هۆججەتلەردىكى يۈەنخې، ۋېيخې، ۋۇخۇ، خۇيخې، ۋېيۋۇئېر دېگەنلەرنىڭ هەممىسى «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ هەرقايسى دەۋرلەردىكى يېزىلىشىدىن ئىبارەت دەپ خۇلاسىلىدى. خۇلاسە قىلغاندا بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن خەلقنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. (6)

## «كوللېكتىپ ساراڭ بولۇش» ۋەقەسى

كىندىلىك تۇرمۇشتا، دائىم دېگۈدەك بەزىبىر كېرەكسىز قۇرۇق باتارېيەلەرنى قالايمىقان تاشلاش هادىسىسىنى كۆرىمىز، بۇ گەرچە كىچىك ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق قىلىش كىشىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

بۇنىدىن 45 يىل مۇقەددەم ياپونىيىنىڭ بىر يېزىسىدا «كوللېكتىپ ساراڭ بولۇش»-تەك قورقۇنچلۇق بىر ۋەقە يۈز بېرىپ، 16 نەپەر يېزا پۇقراسى تۇيۇقسىز ساراڭ بولۇپ قالغان. بۇلارنىڭ قولى تىترەيدىغان، پۇتى قېتىشىدىغان، بىردەم يىغلاپ، بىردەم كۈلىدىغان بولۇپ قېلىپ نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۈچ ئادەم هاياتىدىن ئايرىلغان. نېمە ئۈچۈن بۇنداق كوللېكتىپ ساراڭ بولۇش هادىسىسى يۈز بېرىدۇ؟ دوختۇرلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق مۇشۇ يېزىدىكى سۇ ئىچىدىغان قۇدۇققا يېقىن يەردىن 380 دىن ئارتۇق كېرەكسىز قۇرۇق باتارېيەلەرنى قېزىۋېلىپ، قۇدۇق سۈيىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغانلىقىنى سەزگەن. مۇھىت ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە كېرەكسىز قۇرۇق باتارېيەلەر ئىچىدە مانگان ۋە سىنىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل مېتال ئېلېمېنت بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقاندىن كېيىن مانگان بىلەن سىنىك ئايرىم-ئايرىم مانگان ۋە سىنىك تارىلاشقان زەهەرلىك بىرىكمىنى هاسىل قىلىدىكەن، بۇ ئىككى خىل زەهەرلىك ماددىلار ئېرىپ يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىپ، قۇدۇق سۈيىنى بۇلغىغان. كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇنداق بۇزۇلغان سۇنى ئىچىپ ئۆرگەچكە زەهەرلىنىپ، يۇقىرىقىدەك غەلىتە ساراڭ بولۇش ۋەقەسى كېلىپ چىققان. (9)

# لۈكچەكلىك قىلغانلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

يولداش مۇھەررىر:

مەھەللىمىزدە بىر توپ «كىچىك لۈكچەك»-لەر بولۇپ، دائىم يوق يەردىن ئىش چىقىرىپ، باشقىلارغا خالىغانچە تىل تەككۈزۈپ ھاقارەت قىلىدۇ، ئۇرۇشىدۇ. قىزلارغا بەدقىلىق قىلىدۇ، كىم ئۇلارغا نەسىھەت قىلسا شۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىپ، ئىشىك-دېرىزىلىرىنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋېتىدۇ. يا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، پۇرسەت تېپىپ ئۇرىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئاھالىلەر كۆرۈپ غەزەپلەنسىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئېغىزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايۋاتىدۇ. قانۇن ئورگانلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئامالى بارمۇ يوق؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشى قانۇنغا خىلاپمۇ ئەمەسمۇ؟

ئۈچتۇرپاندىن: ھەسەن

يولداش ھەسەن:

خېتىڭىزدە ئىنكاس قىلىنغان ھېلىقى ياشلار دەررۇس ئىش بىلەن شۇغۇللانماي باشقىلەرنى تىللاپ، ئۇرۇشۇپ، ئاياللارغا بەدقىلىقلىق قىلىپ، ۋەقە تۇغدۇرۇپ، ئاھالىلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزگەن، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزگەن، كۆپچىلىكنى تىنىچلاندۇرمىغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇنغا خىلاپ لۈكچەكلىك قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار چوقۇم سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى قانۇنغا خىلاپ بۇنداق قىلمىشلارنى ئىدارە قىلىدۇ. بەزىلىرىگە زور-زور جازامۇ بېرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش ئىشلىرىدىكى چارە كۆرۈش نىزامىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: جامائەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان، توپلىشىپ ئۇرۇشقانلاردىن قىلمىشى يېنىك بولۇپ، جىنايى جازاغا تارتىلمايدىغانلارغا ئون كۈندىن تۆۋەن توختىتىپ قويۇش، 20 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش چارىسى كۆرۈلىدۇ. پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈپ، ئادەم ئۇرغان، تىللىغان ياكى ئاياللارغا بەدقىلىقلىق قىلىپ پەسكەش سۆزلەر بىلەن چاقچاق قىلغانلاردىن جىنايى جازاغا تارتىلمايدىغانلارغا ئون كۈندىن تۆۋەن توختىتىپ قويۇش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش چارىسى كۆرۈلىدۇ. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، يەنە تۇغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدىغان بىكار تەلەتلەر ئامانلىق باشقۇرۇش ئىشلىرىدىكى چارە كۆرۈش نىزامىغا دائىم خىلاپلىق قىلىپ، قايتا-قايتا تەربىيە بەرسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرگە ئامانلىق باشقۇرۇش ئىشلىرىدىكى چارە نىزامى بويىچە چارە كۆرگەندىن تاشقىرى، زۆرۈر تېپىلغاندا ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، يىغىۋېلىپ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە بولىدۇ.

بۇ ياشلارنىڭ لۈكچەكلىك ئادىتى ۋە قىلمىشى ۋاقتىدا تۈزىتىلمەي، راۋاجلىنىۋېرىدىغان بولسا، توپلىشىپ ئۇرۇشۇش، جېدەل قىلىش، ئۆكتەملىك قىلىپ چاتاق چىقىرىش، ئاياللارنى ھاقارەتلەش جامائەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ-دە، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرى لۈكچەكلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىدۇ. قىلمىشى يېنىك بولغانلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش، رېجىمغا ئېلىش ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى، ئېغىرلىرىغا قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. (6)

— مۇھەررىر

# جامائەت ئالدىدا باشقىلارغا ھاقارەت قىلغانلارنى قانۇن باشقۇرامدۇ؟

يولداش مۇھەررىر:

تۈنۈگۈن يەكشەنبە كۈنى بولغاچقىمۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ-چۈشىدىغانلار كۆپ بولۇپ، ناھايىتى قىستاڭ بولۇپ كەتتى. مەن ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىنى ياپاي دەۋاتسام بىر ياش ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇۋالدى، مەن ئۇنىڭغا چۈشۈپ كېتىپ كەينىدىكى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلسام، گېپىمگە قولاق سالماي ئېسىلىپ يۈرۈپ ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدى. ئۇنىڭغا مەن بىلەت ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدىم، لېكىن ئۇ بىلەت ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن مېنى تىللىغىلى تۇردى. يولۇچىلاردىن بەزىلىرى: «بىلەت ئېلىڭ دېمەڭ، بىلەت ساتقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى» دېيىشتى، ئۇ ياش ئاغزىنى تېخىمۇ بۇزغىلى تۇردى. كۆپچىلىكنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى چۈشكىلى قويمىسام، ئەسلىكتە بىر بىلەت ئېلىپ، رەسۋا بولغان ھالدا چۈشۈپ كەتتى. شۇ ئىشنى ئويلىغانسېرى ماڭا ئەلەم بولۇۋاتىدۇ.

يولداش مۇھەررىر جامائەت ئالدىدا باشقىلارنى ھاقارەت قىلغانلارنى قانۇن باشقۇرامدۇ؟

ئۈرۈمچىدىن: ئارزۇگۈل

يولداش ئارزۇگۈل:

سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە، خەلق ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشىش، ھەمكارلىشىش، دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك. بۇ ھەر بىر پۇقرادا بولۇشقا تېگىشلىك سوتسىيالىستىك ئەخلاق-پەزىلەت، شۇنداقلا ئورتاق تۇرمۇشتا چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مىزان. ئونيىللىق بالايى-ئاپەتنىڭ تەسىرىدىن تېخىچە قۇتۇلالمايۋاتقان بەزى ياشلار بىرەر ئىشقا يولۇقسا قائىدە سۆزلىمەي، ئاغزى ئېچىلسىلا ئادەم تىللايدۇ. ھەدېسىلا ئادەم ئۇرىدۇ، ئۇلار چۈشەنمەيدۇكى، ئەدەبسىزلىك قىلىش، باشقىلارغا خالىغانچە تىل-ھاقارەت قىلىش، باشقىلارنىڭ كىشىلىك ئىززىتىنى چۈشۈرۈش، باشقىلارنىڭ نام-ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش، باشقىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، سوتسىيالىستىك ئەخلاق ۋە قانۇن ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ، يېنىك بولغانلىرى جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئېغىر بولغانلىرىدا قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ قانۇنىي جازا بېرىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش ئىشلىرىدىكى جازا كۆرۈش نىزامىدا: توسسىمۇ ئۇنىماي كىشىلەرنى تىللىغانلارغا توختىتىپ قويۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش چارىسى كۆرۈلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: تىللاش-ھاقارەتلەش چارىسى بىلەن ئوچۇقتىن-ئوچۇق باشقىلارنى ھاقارەتلىگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلار باشقىلارنى ھاقارەتلەش جىنايىتىگە تۇشىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ. سىزنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ھاقارەتلەيدىغان ئەشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن يەنە كۆرۈلسە قارشى تەرەپكە مۇشۇ قائىدىنى تەشۋىق قىلىشىڭىزنى، توسسىڭىزمۇ ئۇنىمىسا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىمىزنىڭ قانۇن بويىچە چارە كۆرۈشىگە ئاپىرىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. (6)

مۇھەررىر


ئۇ كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ھايات
1. ئۆتكەن يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەچقۇرۇن يارالىنىش ئاھىسىدا
ئانار كۆل يېزىسى چاشقاۋۇزدىكى كەنتىدىكى ئايدۇۋەلى ئىسىملىك دېھقان جاڭگال
لىدا قوي بېقىۋېتىپ قارا قولچىسى ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن بەش نەپەر جىنايەتچى
نىڭ قاچقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ.
2. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ كونا مال قوتىنىدىن ئىككى يوچۇن ئادەمنىڭ
قالايمىقانلىق بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇلارنى توختىتالىدۇ ـ
دە. ئۇلارنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى
ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ ماڭىدۇ.
3. بىر كىلومېتىر يول باسقاندىن
كېيىن بۇ ئىككى جىنايەتچى كۆز ئەرتى
قىلىشىۋېلىپ تۇيۇقسىز تۇرۇۋېلىپلا
ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەنگە ئېتىلىدۇ.
ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بار كۈچى
بىلەن ئۇلارنىڭ كېكىرتەكىدىن بو-
غۇپ ھالسىزلاندۇرىدۇ.
4. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن جاللات
لارنىڭ جىنايەتچىنىڭ قولىغا توساتتىن ئايدۇ-
ۋەلىنىڭ پىچىقى چىقىپ قالىدۇ ـ دە، ئايدۇ-
ۋەلىنىڭ بەدىنىگە ئىككى قېتىم ئۇرىدۇ. يې-
قىلىش بىلەن ئۇنىڭ قولى ئۆزى مەزمىلەن ھال
دا جىنايەتچىنىڭ كانىيىدىن ئاجراپ كېتىدۇ.
6. جىنايەتچىلەر قولغا چۈشۈرۈلدى. خەل
قىمىزنىڭ باتۇر ئوغلانى ئايدۇۋەلى
شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.
ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى»، «ئىن
قىلابىي قۇربان» دەپ نام بېرىلدى. ئۇنىڭ
دۈشمەنگە ئىنتايىن ئۆچمەنلىك مەردانىلىقى ۋە
ئېسىل خىسلىتى كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ يادل
ىنىپ تۇرىدۇ. (4) (م. ھېكىم، ئا. جۇمە)
5. ئايدۇۋەلى جىنايەتچى قاچتى،
تۇتۇۋالىڭلار دېگىنىچە دەرمانسىز ئولتۇ
رۇپ تىرەپ تۇرسىلا ماڭدۇ دە، ھو-
شىدىن كېتىپ قالىدۇ. ھوشىغا كەلگەن
ھامان ئاكىسىغا: جىنايەتچىنى قاچۇر-
ۇپ قويمايلى، مېنىڭ بىلەن كارىڭلار
بولمىسۇن، تېزدىن رەھبەرلىككە خەۋەر
قىل، دەيدۇ. ئاكىسى ئىلاجسىز ئايدال
غا قاراپ يۈگۈرەيدۇ . . .



# ئەمەلگە ئاشمىغان سۇيىقەست

ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىدىكى پولكوۋنىك گېرىنىس ۋە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ كاتتىبېشى ماۋرىنىڭ قاتارلىقلار 50 - يىللارنىڭ دەسلەپتە پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىرىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشتەك جىنايى پىلاننى تۈزىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ سۇيىقەستىنى ئاۋال جۇ ئېنلەي زۇڭلىدىن باشلىماقچى بولىدۇ.

ئۇلار «مۇھەببەت ئىزھار قىلغۇچىلار» دەپ ئاتىۋالغان بەش كىشىلىك بىر ھەرىكەت گۇرۇپپىسى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى ۋاستىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئانىسىدىن ئەمدىلا ئايرىلغان «كايلېر» ئىسىملىك گېرمان ئاپشاركىسىنى تېپىپ كېلىپ، مەخسۇس ئۆيىدە باقىدۇ. ئاندىن ھىندونېزىيەدىكى بەزى چوڭ رېستوران-مېھمانخانىلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنى نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋېلىش ئارقىلىق، جۇ زۇڭلى باندۇڭ يىغىنىدا ئىشلەتكەن پىچاق، ۋىلكا، كىرلىك، لۆڭگە قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىپ، ئاپشاركىغا جۇ زۇڭلىنىڭ پۇرىقىنى تونۇتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق قول سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

1971 - يىلى ئۇلار كۈتكەن پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كېلىدۇ. جۇ زۇڭلى ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكچى بولىدۇ. پارىژغا قىلىدىغان زىيارىتىنى ئۆكتەبىرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئاۋغۇستتا فرانسىيىنىڭ مارسېل پورتىغا تەيۋەننىڭ بىر يۈك پاراخودى يېتىپ كېلىدۇ. يۈك چۈشۈرۈلۈۋاتقاندا پاراخوتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر خادىمى چامدان كۆتۈرگىنىچە پاراخوتتىن چۈشۈپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا كىرا ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، بېرنا پول كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ، چامداننى «رېنىيىن» ماركىلىق پىكاپتا كۈتۈپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەمگە تاپشۇرىدۇ. بۇ ئادەم ماشىنىنى دەرھال يۇقىرى سۈرئەتلىك يولغا بۇراپ پارىژغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتىدۇ. ئاپشاركا «كايلېر» دەل مۇشۇ چامداننىڭ ئىچىدە ئىدى.

جاۋ فامىلىلىك بىر ئادەم يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، ئۇ ئىككى ئاي بۇرۇن تەيۋەندىن پارىژغا كۆچۈپ كېلىپ زەپەر دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى جۇڭگوچە رېستوراندا «ئاشپەز» بولۇۋالىدۇ. جاۋ فامىلىلىك ئادەم جۇ زۇڭلى ماشىنىدىن چۈشۈپ گۈل قوبۇل قىلىۋاتقاندا «كايلېر»نى دەرھال قويۇۋېتىپ، قارشى ئالغۇچىلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا ئاپشاركىنى جۇ زۇڭلىغا ئېتىلدۇرۇپ ئىتنىڭ بوينىدىكى زەنجىرگە ئورنىتىلغان بومبىنى يىراقتىن كونترول قىلىپ پارتلاتماقچى ئىدى...

لېكىن فرانسىيە ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى جاۋنىڭ فرانسىيىگە كېلىشتە مەلۇم غەرىزى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئالدىقانداق بىر ئاپشاركىنى يوشۇرۇپ بېقىۋاتقانلىقىنى بۇرۇنلا ئېنىقلاپ، ئۇنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىلى 13 - سېنتەبىردە جۇڭگودا لىن بياۋ ۋەقەسى يۈز بېرىپ، جۇ زۇڭلى پارىژغا قىلىدىغان زىيارىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئىدى. بۇ جىنايى سۇيىقەست شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەلتۆكۈس بەربات بولدى. (6)

(ئارمان رەتلىگەن)



# فوتوگرافىيە باغچىسىدىكى غۇنچە

**ئاۋۇت ساۋۇت**



فوتوگرافىيە دۇنيادا ئەڭ ياش سەنئەت تۈرى بولۇپ، جۇڭگو، جۈملىدىن شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق، ياش فوتوگراف يالقۇن ھابىل تېخى ئاجىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر ساھەدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم بەدىئىي سۈرەتلەرنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ بەدىئىي سۈرەتچىلىك باغچىسىدىكى ئۆزگىچە بىر غۇنچە بولۇپ قالدى.

ئۇ 1969 - يىلى شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈردى، 1973 - يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇخبىر بولۇپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ فوتو سۈرەتچىلىك كەسپىنىڭ شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر بوشلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشۇ بوشلۇققا يۈرۈش قىلىپ نەتىجە يارىتىشقا، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشقا ئىرادە باغلىدى.

يالقۇن 1979 - يىلى «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» غا يۆتكىلىپ فوتو سۈرەتچىلىك بىلەن رەسمىي شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. بۇ خىزمەت ئۇنى ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇ خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن فوتوگرافىيىگە ئائىت بىلىملەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆگىنىپ، ئەسلەپتە ئىشنى فوتو مۇخبىرلىقتىن باشلاپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا بەدىئىي سۈرەتچىلىككە قاراپ يۈرۈش قىلدى. 1981 - يىلى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شامېن شەھرىدە جۇڭگو فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئېچىلغان فوتو سۈرەت نەزەرىيە سېمىنارىيىسىگە قاتنىشىش يالقۇننى فوتوگرافىيە سەنئىتىنىڭ ئوبرازلىق بولۇش، ھەقىقىي بولۇش، ئېنىق بولۇش، تېز ھەم ئەينەن خاتىرىلەشتەك بىر قاتار قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگەللەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىئىي سۈرەت ئىجادىيىتىگە بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. شۇندىن كېيىن ئۇ فوتوگرافىيە ساھەسىدە تېخىمۇ تېز ئالغا بېسىپ، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا دادىل قەدەم تاشلىدى. ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ ئىگىلىك يارىتىۋاتقان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ تەسىرلىك ئىش پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن فوتو خەۋەرلىرى ھەر قايسى گېزىت ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى. شۇنداقلا بىر تەرەپتىن تۇرمۇشنى ئەينەن خاتىرىلەپ يەنە بىر تەرەپتىن گۈزەللىكنى كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆزىتىپ تاللاش ئارقىلىق ئىجاد قىلغان بىر مۇنچە بەدىئىي سۈرەتلىرى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى.

## مەدەنىي ھايات

يالقۇننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئىككى بەدىئىي ئەسەرى «يۈز ئاچقۇ» مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گېزىت - ژۇرناللاردا بۇ ئەسەر توغرىلىق ئېلان قىلىنغان ئوبزورلار ئامىمىنىڭ ياخشى ئىنكاسىنى ئەكس ئەتتۇردى. بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توي - مەرىكىسى مەزگىلىدىكى ئۆرپ - ئادەتلىرى مەركىزدى تېما قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تارتىنچاق، ساددە، خۇشخۇي مۇلايىم ئوبرازى مەرىكىدىكى قىزغىن كەيپىيات بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا يارىتىلغان، شۇڭا بۇ ئەسەر ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر فوتو سۈرەت ئاپتورلىرى كۆرگەزمىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مەنزىرە سۈرىتى — كىشىلەرگە بەدىئىي زوق بېغىشلاپلا قالماي، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشتىمۇ ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن يولداش يالقۇن مەنزىرە سۈرەت ئىجادىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر بولغان مەنزىرىلىك جايلىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن بۇنداق مەنزىرىلىك جايلارنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغىغىدەك كۆرۈنۈشلىرىنى فوتوگرافىيىدە ئەكس ئەتتۈرۈش ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئېگىز تاغلارغا چىقىشقا، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىشكە، ئات مىنىشكە، كۆپ ھاللاردا پىيادە مېڭىشقا، ۋاقىت ۋە كۆرۈنۈش تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق قىيىن شارائىتنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ «تاڭ شەپىقى» قاتارلىق بىر مۇنچىلىغان نادىر مەنزىرە سۈرەتلىرىنى ئىجات قىلدى. «تاڭ شەپىقى» ناملىق مەنزىرە سۈرىتى ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يولداش يالقۇن قازانغان بۇ ئۇتۇقلىرى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق فوتوگرافلار جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر فوتوگرافىيە قوشۇنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن 1981 - يىلى ۋە 1983 - يىلى مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئىككى قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. بۇ ئىككى قارار ئۆگىنىش كۇرسىدا 80 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت فوتو سۈرەتچىلىرى تەربىيىلەندى. يولداش يالقۇن بۇ ئىككى قېتىملىق كۇرستا ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ نۇرغۇن ماتېرىيال كۆرۈپ ئەستايىدىللىق بىلەن دەرس تەييارلاپ، كۇرسانتلارغا كۆڭۈل قويۇپ ئۆتتى. ھەر بىر ئىنچىكە نۇقتىنى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ قىلچە بوشاشماي، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى يۈكسەك ئەقىل پاراسەت بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلىپ بەلگىلەنگەن ئوقۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئىككى قېتىملىق كۇرستا تەربىيىلەنگەن نۇرغۇن فوتو ھەۋەسكارلىرى ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ فوتوگرافىيە سېپىدىكى تايانچىلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەدىئىي قىممىتى بار بەدىئىي سۈرەتلەرنى ئىجات قىلسا، يەنە بەزىلىرى فوتو مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ گېزىت - ژۇرناللارنى فوتو خەۋەر بىلەن تەمىنلىمەكتە.

يولداش يالقۇن ھازىر «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» مۇخبىرلار بۆلۈمىدە ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق نامايەن قىلىش بىلەن بىرگە، رېئال تۇرمۇش ئەينەن خاتىرىلەنگەن، گۈزەللىك جۇلالىنىپ تۇرغان مول مەزمۇنلۇق بەدىئىي سۈرەتلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماقتا.

## «دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچى»

ئالدامچىلىقتا ھۈنىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا «داڭقى» چىققان داۋىد بىر قېتىم ياۋروپادىن ئامېرىكىغا بېرىپ يېرىم كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدىلا ئۈچ پارچە مەشھۇر ئەسەرنى دۇنياغا كەلتۈرۈپ 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ساتقان ۋە شۇھامان ئالدامچىلىقى ئاشكارىلىنىپ بۇ جىنايىتى ئۈچۈن تۈرمىگە كىرگەن. تۈرمىدە ئۇ ئۆزىنىڭ «پەۋقۇلئاددە ماھارىتى»نى نيۇ - يورك شەھەرلىك ساقچى دائىرىلىرىگە ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ساختا سەنئەت بۇيۇملارنى تېپىپ چىقىشىغا ياردەملەشكەنلىكتىن جازا يېنىكلىتىلگەن. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يېڭىباشتىن ئادەم بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا تەقلىد قىلىپ ياسىماي، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان يولدا مېڭىپ ناھايىتى ئۇستا رەسسامغا ئايلانغان. (5)

## «مەن ئۇنىڭ شوپۇرى»

ئىتالىيىنىڭ شاھزادىسى 1930 - يىلى توي قىلىدۇ، فېرمى توي مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇ قىممەتلىك ۋاقىتنى مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشنى خالىمايدۇ. توي كۈنى فېرمى ئادەتتە كىيىدىغان كىيىملىرى بىلەن كونىراپ كەتكەن پىكاپىنى ھەيدەپ، ئۆزىنىڭ تەجرىبىخانىسىغا قاراپ ماڭىدۇ. توي مۇراسىم قوشۇنى كۆچۈپ ماڭغاندا كوچا ئېغىزلىرى توسۇلۇپ قالىدۇ. فېرمىنىڭ پىكاۋىمۇ ساقچىلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىدۇ. بۇ چاغدا فېرمى تەمكىن ھالدا يېنىدىن تەكلىپ قەغىزىنى چىقىرىپ «مەن فېرمى ئەپەندىنىڭ شوپۇرى» دەيدۇ. ھېلىقى ئەمەلدار فېرمىغا قول ئىشارىتى قىلىپ چاس بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قامال قىلىنغان كوچا بىلەن تەجرىبىخانىسىغا يۈرۈپ كېتىدۇ - دە، بېرىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىلىم - پەن تەجرىبىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. (3)

روسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى چېخوپ بىلەن چېسلوفنىڭ ياش پەرقى چوڭ بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشى ئىدى. چېسلوف ئەدەبىيات مۇنبىرىدە باش كۆتۈرۈشكە باشلىغاندا چېخوپ نامى چىققان يازغۇچى بولۇپ قالغان، چېسلوف بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن ۋەقەلىكىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئاغرىنىپ ئەدەبىياتتىن كۆڭلى سوۋۇيدۇ. بۇ چاغدا چېخوپ ئۇنى ئۆيدە بېكىنىپ ئولتۇرماي جەمئىيەت تۇرمۇشىنى كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈشنى نەسىھەت قىلىپ ئۇنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ترالېبۇستا ئولتۇرۇشقا، ئاددىي پۇقرالار بىلەن بىرگە بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

چېسلوف چېخوپنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئېسىدە ساقلاپ ئامما ئارىسىغا بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى قوزغىلىپ، سەپەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھېكايىلەرنى يېزىپ چىقىپ روسىيىنىڭ ئالاھىدە تونۇلغان يازغۇچىلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

## دوست ۋە ئوقۇتقۇچى

## ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى قايتۇرۇش

كېيۈرى خانىم پارىژدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن بولغان. ئۇ بىر ئايال ماتېماتىكا ئالىمىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن «ئالېكساندىر ئوقۇش مۇكاپات پۇلى»غا ئىگە بولغان. گەرچە كۆپ بولمىغان بۇ پۇلنىڭ كېيۈرى خانىمغا ياردىمى چوڭ بولغانلىقتىن ئۇنى «قۇتقازغۇچى چەمبىرەك» دەپ ئاتىغان.

بىر قانچە يىلدىن كېيىن، كېيۈرى خانىم بىر خىل ئىلمىي تەتقىقاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ بىر بۆلۈك ئىقتىسادقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى چىقىمى ئۆز ۋاقتىدىكى «ئالېكساندىر ئوقۇش مۇكاپات پۇلى»نى قايتۇرۇپ بېرىش بولغان. ئۇنىڭ بۇ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى «ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» كومىتېتىنى ھەيران قالدۇرغان. (5)

## ياش دوختۇرنىڭ كەشپىياتى

فرانسىيىلىك ياش دوختۇر لائېننېك بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ بىر قانچە بالىنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنىغا كۆزى چۈشىدۇ-دە، بۇ ئويۇن ئۇنىڭ تېببىي ساھەدە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب — تىڭشىغۇچنى كەشىپ قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئەسلىدە بالىلار بىر تال ياغاچنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى قۇلىقىنى ياغاچنىڭ بىر ئۇچىغا يېقىۋالغان ئىدى. يەنە بىرى ياغاچنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا مىق بىلەن چېكىۋاتاتتى. لائېننېك بىر قېتىم كېسەل كۆرۈۋېتىپ بالىلارنىڭ ھېلىقى ئويۇنىنى تۇيۇقسىز ئەسكە ئالىدۇ-دە، قەغەزدە نەيچە ياساپ، نەيچىنىڭ بىر ئۇچىنى كېسەلنىڭ كۆكسىگە قويۇپ، يەنە بىر ئۇچىنى قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ تىڭشايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ چىقىدۇ.

ھازىرقى تىڭشىغۇچ ئەنە شۇ قائىدىگە ئاساسەن ياسالغان. (5)

ئاتاقلىق يۇقىرى ئاۋازلىق ئەر ناخشىچى لېئولېنجاكى بۇداپېشتتا ئويۇن قويغىلى بارماقچى بولۇپ، «ئەۋلىيا»لارغا ئەسقاتىدىغان تاجىنى يوق-تاق ئىچىگە تېگىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۇنى ئايالىغا ئالغان باش كىيىمنىڭ كورۇپكىسىغا سېلىپ قويىدۇ. پويىز قوزغىلىدۇ. دۆلەت چېگرىسىغا يېتىپ بارغاندا، تاموژنا خادىمى: «باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك كۆتۈرۈۋالغان بۇيۇملار بارمۇ-يوق؟» دەپ سورايدۇ.

— يوق! دەپ جاۋاب بېرىدۇ لېنجاكى.

بىراق تاموژنا خادىمىنىڭ دىققىتى ھېلىقى چوڭ باش كىيىم كورۇپكىسىغا چۈشۈپ، ئۇنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلايدۇ. ئۇ كورۇپكىدىكى تاجنى كۆرگەندىن كېيىن، يۈزى قىزىرىپ تىلىنى چايناپ گەپ قىلىپ: «ئىنتايىن يۈز كېلەلمەيمەن! ... ئالىيلىرىنىڭ چېشىغا تېگىپ قويۇشقا پېتىنالىغىنىمنى ئەپۇ قىلىڭ! ...» دەيدۇ-دە، ئىپتىيات بىلەن ۋاگوندىن چىقىپ كېتىدۇ. (4)

## بىر قېتىملىق ئوقۇشماسلىق




ئا. توختى

ئازغان ياشلار تىلغا ئېلىنسا ئاز بولمىغان يولداشلار باش لىڭشىتىپ چوڭ بىر نەپەس ئالىدۇ - دە: «چىرىگەن ياغاچقا نەقىش چىقىرىشقا بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئازغان ياشلارنى «چىرىگەن ياغاچ»قا ئوخشىتىپ ئالدىراپلا «نەقىش چىقىرىشقا بولمايدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىش مەسىلىگە ئەتراپلىق قارىغانلىق بولمايدۇ.

تارىختا نەزەر سالساق «چىرىگەن ياغاچ»تىن ئويۇلغان «نەقىشلەر» ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن «چىرىگەن ياغاچ» دەپ ئاتالغان كۆپلىگەن ئازغان ياشلارنىڭ تەشكىل ۋە يولداشلارنىڭ ياردىمىدە، سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ياساپ بەزىلەرنىڭ شەرەپ بىلەن ئىتتىپاق ۋە پارتىيىگە كىرگەنلىكىنى، بەزىلەرنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلىدىكى، «چىرىگەن ياغاچ»تىن نەقىش چىقارغىلى، ئالىقاناتلارنى ئۆزگەرتىپ ياخشى ئادەمگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئادەم ئىدىيە ۋە ئاڭغا ئىگە ئالىي دەرىجىلىك مەخلۇق بولۇپ، بەلگىلىك شەرت - شارائىت ئاستىدا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ۋە ھەرىكىتىنى، ھەتتا ئېتىقادىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ. بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىنتىلىشچانلىقى ئالاھىدە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ئازغان ياشلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىدە يەنىلا ئالغا ئىنتىلىش ئارزۇسى بار. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز پەقەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ۋاقتىدا بۇ «چىرىگەن ياغاچ»قا دوستلۇق قولىمىزنى سوزۇپ، مېھرىبانلىق بىلەن ئۇلارغا يېقىنلاشساق، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشساق، ئۇلارغا تەنقىت - تەربىيە بەرسەك، ئىجاتچانلىق بىلەن ئالغا باسىدىغان ياخشى مۇھىت ۋە شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرسەك، ئۇلار چوقۇم ئالغا ئىلگىرىلەش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، ئۈستىدىكى يۈكىنى ئېلىپ تاشلاپ يەڭگىللىشىپ، سەپكە قايتىپ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۆز خاتالىقىنى تۈزىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كېرەكلىك خادىملاردىن بولۇپ چىقىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بەزى يولداشلار ئازغان ياشلارغا نىسبەتەن «نەقىش ئويغىلى بولمايدىغان چىرىگەن ياغاچ» دېگەن قاراشتا بولىدۇ؟ بىرىنچى، بۇ يولداشلار مەسىلىگە قارىغاندا دائىم دېگۈدەك بىر تەرەپلىمە قارايدۇ. ئازغان ياشلارنىڭ مەسىلىسىنىلا كۆرۈپ ئۇلاردا چاقناپ تۇرغان شولىنى كۆرەلمەيدۇ. شۇنى بىلىش زۆرۈركى، ئادەم قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت بولۇپ، بىر-ئىككى قېتىملىق سۆھبەت، قاتتىق، قوپال تەربىيە سۆزلىرى بىلەن ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن قەلب ئالماشتۇرۇش، ئاندىن كېيىن ياردەم بېرىش، ئۆزگەرتىش ئەھۋالىغا قاراپ قايتىدە سۆزلەش، چۈشەندۈرۈش، ھەر تەرەپتىن كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارغا كوللېكتىپ تۇرمۇشنىڭ ئىللىقلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم. (9)

## كۆڭۈل - كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر

# بۇخىل ئادەتنى تاشلاڭ

تونۇشلىرىڭىز، دوست - يارەنلىرىڭىز بىلەن پاراڭلاشقاندا، مۇنداق ئون جەھەتتىن دىققەت قىلىڭ:

1. مۇبالىغىنى تاشلاڭ. دۆڭنى تاغ، ئېرىقنى دەريا دەپ كۆپتۈرۈپ، گەپنى ئاشۇرۇپ قىلسىڭىز، كىشىلەر ئالدىدا قارىماققا جەڭگىۋاردەك قىلغىنىڭىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر پوچىلىق.

2. شاللاقلىقنى تاشلاڭ. يېنىكلىك بىلەن ۋەدە بېرىپ، نېمىلا دېسە ماقۇل، خوپ دەۋەرسىڭىز، قارىماققا بۇ ھاتەمدەك سېخى كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇ بىر شاللاقلىق.

3. قوپاللىقنى تاشلاڭ. گەپ - سۆزدە قوپاللىق قىلسىڭىز، بۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە ھەرگىزمۇ توغرا كەلمەيدۇ.

4. چاكىنىلىقنى تاشلاڭ. ئاغزىڭىزنى ئاچا - ئاچاپلا يەپ - ئىچىش، كىيىم كىيىش، ئويۇن - تاماشا قىلىشتىنلا گەپ باشلىسىڭىز، تېشىڭىز پال - پال، ئىچىڭىز غال - غال، قەلبىڭىز مەنىسىزلىك بىلەن توشقان بىر نېمە بولۇپ كۆرۈنىسىز.

5. لۆكچەكلىكنى تاشلاڭ. لولىلىق قىلىپ ئۆزىڭىزنى ناز بىلەن ئويناتماڭ، ئاغزى بېزمەلىك قىلماڭ.

6. پەلەپەتىشلىكنى تاشلاڭ. ئەزمىلىك، ۋالاقتەككۈرلۈك قىلىپ، تېتىقسىز گەپ سېتىپ، ئاڭلىغۇچىنى بىزار قىلماڭ.

7. چاپلىشىۋېلىشنى تاشلاڭ. زورمۇ - زور يېپىشىۋېلىپ، يوق ئىشقىمۇ زورلاپ، مۇتتەھەملىك بىلەن ئېسىلىۋېلىپ، باشقىلارنى ئېبلىشتۇرۇپ، كاززاپلىق قىلماڭ.

8. مەنمەنچىلىكنى تاشلاڭ. ئۆزىڭىزنى كۆز - كۆز قىلىپ، قىلچىمۇ ئىمكانىيەت قالمايدىغان ۋەھىمىلىك سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى چۆچۈتۈپ كىشىلەرگە ھەيۋە ئىشلەتمەڭ.

9. تۆھمەتخورلۇقنى تاشلاڭ. ھە دېسىلا غەيۋەت - شىكايەت قىلىپ، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، ئۇنى بۇنىڭغا چېقىشتۇرۇپ، گەپ توشۇپ چېقىمچىلىق قىلماڭ.

10. يالغانچىلىقنى تاشلاڭ. ھە دېسىلا يالغانچىلىق قىلىپ، كۆڭلىڭىزدىكى راست گەپنى يوشۇرۇپ، رەڭۋازلىق قىلماڭ. ئاغزىڭىزغا كەلگەنچە ۋەدىلەر بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالماڭ. (5)

(نەجمىدىن ھەمدۇل رەتلىگەن)

## ئەقىل ئۇچقۇنلىرى

ھەر ئادەمنىڭ تىرىشىش نىشانى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ تالانتى شۇنچە كامالەتكە يېتىدۇ - دە، جەمئىيەت ئۈچۈن شۇنچە پايدىلىق بولۇپ يېتىشىدۇ. بۇنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل.

— گوركى

ئىرادە ئىنتايىن مۇھىم نەرسە، چۈنكى خىزمەت ئىرادىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت خىزمەتتىن كېلىدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت. ئىرادە، خىزمەت، مۇۋەپپەقىيەت — ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئۈچ چوڭ ئامىلىدۇر. ئىرادە كەسىپنىڭ دەرۋازىسى. خىزمەت ئەشۇ كەسىپكە كىرىشتىكى پەلەمپەيدۇر. بۇ پەلەمپەينىڭ نەتىجىسى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بېرىپ، سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزنىڭ نەتىجىسىنى تەبرىكلەيدۇ. (4)

— پاستېر




تۇرمۇشتا مۇنداق ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ: بەزى قىزلار قارىماققا گۈزەل، كىيىملىرى مودىغا لايىق كۆرۈنسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ بەزى ئىچىملىك ئەدەپ-ئەخلاقتا يات سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئىش قىلغاندا تولىمۇ شاللاقلىق، بىمەنىلىك قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى قىزلارنىڭ تەربىيىلىنىشى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق گۈزەل تاشقى قىياپىتىمۇ باشقىلارغا سەت كۆرۈنىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئەگەر بىلىمى بولمىسا ئۇ تولىمۇ زېرىكىپ، بىمەنە كۆرۈنىدۇ. تەربىيىلىنىشى كەمچىل بولسا ئاسانلا چاكىنىلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنداقلاردا يەنە قانداقمۇ سېھرى كۈچ بولسۇن؟ گوركى مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئادەمنىڭ بىلىمى قانچە مول بولسا، شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ شۇنچە گۈزەل بولىدۇ». شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىلىم ۋە تەربىيىلىنىش سېھرى كۈچنىڭ بۇلىقى، قىزلارنىڭ ھەقىقىي، ئۇزۇن مۇددەتلىك سېھرى كۈچكە ئىگە بولۇشى، بىلىم ۋە تەربىيىلىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ.

ئەنئەنىۋى «ساھىبجامال»لارنىڭ ئوبرازى، بۈگۈنكى كۈندە ئەمەس، ئەمما زېرىكىپ كۆرۈنىدۇ. مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە، ئەلگىلىك تەربىيە كۆرگەن ھازىرقى زامان قىزلىرىدىكى سېھرى كۈچ تولىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. گۇاڭجۇ شەھەرلىك ياشلارغا ئوبيېكتى قىلىنغان تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ 500 نەپەر يىگىتنى تىزىملىغان خاتىرىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە قىزلارنى تاللاپ قىلغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 53 پىرسەنتنى ئىگەللىگەن، ئەمما باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى قىزلارنى تاللاپ قىلغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تۆت پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەن. ئوخشاش بولمىغان جىنستىكىلەر بېرىش-كېلىش جەريانىدا، ئەگەر ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە پەرق بولىدىكەن، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. «كىشىلىك دۇنيا» دېگەن كىنودىكى جىن ياۋچىن گۈزەل، پاك قىز بولسىمۇ، لېكىن گاۋجيالىن يەنىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەر بولۇشتىن سىرت يەنە ياۋچىنىنىڭ بىلىمى ئاز بولغاچقا، بۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ تراگېدىيە بىلەن ئاياقلىشىشىغا سەۋەب بولغان.

مانا بۇ قىزلارنىڭ كۆپرەك بىلىم ئىگىلىشى، كۆپرەك تەربىيىلىنىشى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئىلىم پەننىڭ كانىنى قېزىشى، يۈكسەك ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تاشقى گۈزەللىك، قەددى-قامەتنىڭ گۈزەل بولۇشى، ھەرگىز ئىچكى گۈزەللىكنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ . . . پەقەت بىلىم ۋە تەربىيىلىنىش قىزلارنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ كۈچلۈك سېھرى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. بەزىبىر قىزلارنىڭ چىرايى ۋە قەددى-قامىتىنىڭ گۈزەل بولۇشى ئۇنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىدۇ. لېكىن بىلىم ۋە تەربىيىلىنىش قىزلارغا ئەقىل-پاراسەت، يۈكسەك ئەخلاق ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر سەن قالتىس خىسلەت ۋە ئىسىل تەقى-تۇرقىغا ئىگە بولىدىكەنسەن، ئۇ ۋاقىتتا گۈزەللىككە تېخىمۇ گۈزەللىك قوشۇلغان بولىدۇ. «ئادەم گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈنلا قەدىرلىك بولماستىن، بەلكى قەدىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا گۈزەل بولىدۇ». بۇ سۆزنى تولستوي تولىمۇ مېغىزلىق ئوتتۇرىغا قويغان. (8)



## ئىتتىپاق كادىرلىرىدا...

ياشلار خۇددى مول قېزىلما بايلىققا ئوخشايدۇ، پەقەت بىلىملىك ۋە ماھارەتلىك كىشىلەرلا ئۇنى قازالايدۇ. ئىسلاھات جەريانىدا، بۇنداق بىلىملىك ماھارەتلىك كىشىلەر بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن تىرىشىشى كېرەك.

ئىدىيىۋى ئېڭى يۇقىرى بولۇش: ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى، مەدەنىي تەربىيىلىنىشى، ئەخلاقىي، نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى ئادەتتىكى ياشلاردىن بىر قەدەر يۇقىرى بولمىسا ئىتتىپاق خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتالمايدۇ.

بىلىمى كەڭ بولۇش: ئىتتىپاق كادىرلىرى كەڭ بىلىم ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۆزىدە بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان تەشۋىقات قابىلىيىتى، يېتەكلەش قابىلىيىتى ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش قابىلىيىتى بولۇش لازىم.

ئارتۇقچىلىقى بولۇش: ھەردە مۇتەخەسسىسلىشىش، كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارلىق بولۇش كېرەك.

ئىتتىپاق خىزمىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، سەپ ئۇزۇن، دائىرىسى كەڭ، شۇڭا ئىتتىپاق كادىرلىرى چوقۇم ئۆزىگە مەلۇم تەرەپتىن ئارتۇقچىلىق يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ قايسى كەسىپتە بولسا شۇ كەسىپنى بىلىشى، قايسى سېپتە بولسا شۇ سېپنىڭ مەشغۇلاتىنى پىششىق بىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇتۇق قازىنالايدۇ.

بەزى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ياشلار نەزەرىيىسى تەتقىقات ئورۇنلىرى ئىسلاھات مەزگىلىدىكى ئىتتىپاق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشنى تېزدىن ئاشۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1. پائالىيەتلەر مەزمۇنىنى شەكىلدىن «ئەقلىي شەكىل»گە بۇرۇلۇشى كېرەك.
2. ئىشلەپچىقىرىشتىكى زەربىدارلىق «سۈرئەت شەكلى»دىن «ئۈنۈم»گە بۇرۇلۇشى كېرەك.
3. تەشكىلىي ئاپپاراتلار «مۇقىملىق»تىن «جانلىقلىق»قا بۇرۇلۇشى كېرەك.
4. ئىتتىپاق خىزمىتى «بۇيرۇق شەكلى»دىن «يېتەكلەش شەكلى»گە بۇرۇلۇشى كېرەك.
5. ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ «سىياسىي خىزمىتى»، «كۆپ خىل خىزمەت شەكلى»گە بۇرۇلۇشى كېرەك.
6. ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى «سىڭدۈرۈلۈش»تىن «ئىلھاملاندۇرۇلۇش»قا بۇرۇلۇشى كېرەك.

مانا بۇ يۇقارقى ئالتە جەھەتتىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىنغاندىلا، ئاندىن ئىسلاھات داۋامىدا ئىتتىپاق پائالىيىتىنى ياخشى، جانلىق قانات يايدۇرغىلى، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىزدىن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ياخشى يېتەكلەپ ماڭغىلى، ئىتتىپاق خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (4)

## ئىسلاھات داۋامىدا...

## مىق بولغانلىقى ئۈچۈن

بىر رېژىسسور بىر نەپەر ئارتىسقا مۇنداق دېدى: سىز سەھنىدە كىشىلەرنىڭ قاتتىق ئازاب چەككەن ھالىتىنى ناھايىتى تەبىئىي ئورۇنلىدىڭىز، پۈتۈن زالدىكىلەر بەكمۇ تەسىرلەندى.

— دېمىسىمۇ شۇنداق بولدى، — دېدى ئايال ئارتىس جاۋاب بېرىپ، — چۈنكى ئايىغىمدا مىق بارىدى.

— خۇدا ئۇنى سىزگە يولاتمىسۇن، بۇنداق مىقلار سىلەر ئارتىسلار بىلەنلا كەتسۇن، — دېدى رېژىسسور ئېغىر خۇرسىنىپ.

## ئابستراكت رەسىم

گۈزەل سەنئەت دەرسىدە مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئابستراكت رەسىمدىن بىرنى سىزىشنى تاپشۇردى.

— سەن قەغەزنى ئاقلا تاپشۇرۇپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر ئوقۇغۇچىدىن.

— مېنىڭ سىزغىنىم ئابستراكت رەسىم، مەن يېلىق سىزدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچى.

— قېنى ئۇ يېلىق؟

— بېرىسى تۇتۇپ كەتتى.

— تۇتۇپ كەتكەن ئادەم قېنى؟

— ئۆيىگە كېتىپ قالدى.

## «بىلىمەن»

— مۇشۇ كەمدىكى قىز بالا يىڭنە ئىشلىتىشنى بىلمەيدىكەن، — دېدى بوۋىسى نەۋرىسىگە قاراپ.

— مەن بىلىمەن، — دېدى نەۋرىسى، — بىر يىڭنىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتكەندىن كېيىن يىڭنىگە يەڭگۈشلەش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا پاتىفونىنىڭ تەخسىسى بۇزۇلۇپ قالىدۇ.

## يەڭگۈشلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى

خېرىدار: سىز بۇ كۆڭلەكنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلامسىز؟

پىركازچىك: خېرىدارلارغا قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىش بىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتىمىز. ئەگەر ۋاقتى كەلگەندە ئېچىلماي قالسا يەڭگۈشلەپ بېرىشكە بىز مەسئۇل.

## «ئوڭدىسىدا ئۈزۈۋاتىدۇ»

بىر كىشى بىر قاچا قېتىق سېتىۋېلىپ، ئەمدىلا ئىچىشىگە، ئىچىدە بىر چىۋىننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇدە، كۈتكۈچىنى چاقىرىپ:

— بۇ چىۋىن قېتىقنىڭ ئىچىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كۈتكۈچى ئۇنىڭغا ئىنچىكىلىك بىلەن قارىغاندىن كېيىن:

— ئوڭدىسىدا ئۈزۈۋاتىدۇ ئەپەندىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەرۋاسىزلا.

## ئورنىنى تېپىۋېلىش

بىر كىشى كىنو قويۇۋاتقاندا، دەم ئېلىش ئۆيىگە چىقىپ كېتىپتۇ. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كىرىپ خالىغان بىر كىشىگە مۇنداق دەپتۇ:

— كەچۈرۈڭ، بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى يېنىڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ پۇتىڭىزغا دەسسەپ سالدىم.

— ھە توغرا، شۇنداق بولدى. ئەمما كېرەك يوق، ئانچە ئاغرىمىدى.

— ھە، سىز خاتالاشتىڭىز، مېنىڭ مەقسىتىم ئۇ ئەمەس، مەن پەقەت بۇ بايا مەن ئولتۇرغان رەتمۇ ئەمەسمۇ، شۇنى ئېنىقلىۋالماقچىدىم.

## جېدەل

دادىسى: قىزىم سەن نېمىشقا ئېرىڭ بىلەن كۈندە دېگۈدەك جېدەللىشىسەن؟

قىزى: مائاشىڭنى ئۆيگە ئىشلىتىملى دەيدۇ ئەمەسمۇ؟

## ھاجى

ئا: سىلىنى كىشىلەرنىڭ قۇناجىم دېگىنى-
گە قارىغاندا ھەرەمگە بېرىپتىكەنلا-دە؟

ب: شۇنداق!

ئا: قاچان بارغانتىلە؟

ب: تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن.

(ھەسەنجان ئۆمەر)

## «تىللاپ ساپتىمەن»

ئابالى: مەن ھەجەپمۇ ئاپامنىڭ كېپىنى ئاڭلىماي سەن بىلەن توي قىلغان ئىكەنمەن.

ئېرى: ئۇنداقتا ئەسلىدە ئاپاڭنىڭ سېنى ماڭا بەرگىسى يوقمىدى؟

ئابالى: شۇنداق!

ئېرى: ئاپلا مەن ئاپاڭنى يامان تىللاپ ساپتىمەن.

(رەشىت راخمان)

## مەسلىھەت

دادىسى: ئوغلۇم سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ. تۇغقانلارنىڭ قىزلىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى.

بالىسى: چوڭ بولۇپ قالسا نېمە بوپتۇ.

دادىسى: شۇ قىزلاردىن بىرسىگە تويۇڭنى قىلىپ قويساق.

بالىسى: قانۇندا ئۇرۇق- تۇغقانلار بىلەن توي قىلماسلىق دېگەن پرىنسىپ بار، بەلكى ئۇرۇق- تۇغقانلار بىلەن توي قىلسا تۇغقان بالىسى ئاغزى مايماق، كۆزى ئالغاي بولۇپ قالىدىكەن. توي قىلمايمەن.

دادىسى: ئۇنداقتا تۇغقانلار بىلەن يىراق-لىشىپ كېتىمىزدە.

بالىسى: ئۆينى يېقىن سېلىپ ئولتۇرايلى.

(ھاۋاخان ئىسمايىل)

## «نېمىگە ئالدىرايسەن»

خەبەردار: يولداش پەرگازچىك، مەن بۇ يەردە سىزگە ساقلاپ تۇرغىلى ئون بەش مىنۇت بولدى.

پەرگازچىك: نېمىگە ئالدىرايسەن، مەنمۇ بۇ يەردە ساڭا ساقلاپ تۇرغىلى 20 يىل بولدى.

## «سىز بولغاچقا»

قاتناش ساقچىسى ۋېلسىپىتىنى ئادەم ئۆتىدىغان جايدا توختاتقان ئادەمگە دېدى:

— بۇ يەردە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئادەم كۆپ تۇرسا، سەن نېمىشقا ۋېلسىپىت توختىتىسەن؟

— ھارۋامنىڭ قۇتۇپى يوق ئىدى، شۇڭا مۇشەدە توختاتتىم.

— نېمىشقا؟

— سىز بولغاچقا ئوغرى ئالالمايدۇ دەپ.

## چىرايلىق جاۋاب

پويىزنىڭ كېلىش ۋاقتىدىن يېرىم سائەت كېچىكىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن يولۇچى ئۆۋەتچى خادىمغا پويىز ساقلاش ئۆيىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويغان ۋاقىت جەدۋىلىنى كۆرسىتىپ دېدى:

— سىلەرنىڭ پويىزىڭلار داۋاملىق كېچىكىپ كېلىدىكەن، ئاۋۇ ۋاقىت جەدۋىلىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

— ئەگەر پويىز داۋاملىق ۋاقتىدا كەلسە بۇ پويىز كۈتۈش ئۆيىنىڭ نېمە كېرىكى بار.

## «بالىلارغا تەسىرى بولمامدۇ»

ساقچى: ئۆيۈڭدە يىغىلىپ قىمار ئويناشقىنىڭغا قانچە يىل بولدى؟

جىنايەتچى: 3 يىل.

ساقچى: بۇنداق قىلساڭ بالىلىرىڭغا تەسىرى بولمامدۇ؟

جىنايەتچى: تەسىرى بولمايدۇ، مېنىڭ ئىككى ئوغلۇمنى ئىككى يىل بۇرۇن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كەتكەن.



# قانداق ئائىلىنىڭ بالىلىرى ئاسان جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ

شۋېت ئىجتىمائىيىتىنىڭ بىر نەپەر ماتارىيچىسى، تۆۋەندىكىدەك مۇنداق تۆت خىل ئائىلىنىڭ بالىلىرى ئاسانلا جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

1. جەمئىيەتتە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان ئائىلىلەر.

ئۇنداق ئائىلىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئەتراپىدىكى خوشنىلىرى، تونۇش-بىلىشلىرى، خىزمەتداشلىرى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ئېھتىيات قىلىش، گۇمانلىنىش يۈزىسىدە بولىدۇ. ھەمىشە ئۆزىنىڭ زىيان تارتقانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا ياكى مۇئەللىملىرى ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن زىددىيەت پەيدا قىلسا، ئۇلار ھامان ئۆز بالىلىرىنىڭكىنى توغرا دەپ ھېساپلايدۇ.

2. كۆز ئالدىدىكى خۇشال-خۇراملىققىلا بېرىلىدىغان ئائىلىلەر.

ئۇنداق ئائىلىلەر كەلگۈسىگە نىسبەتەن ھەربىر دېگەن يۈزىسىدە بولىدۇ. كۆز ئالدىدىكى بىردەملىك خۇشال-خۇراملىقنىلا دەپ بۈگۈنكى ئىشنىڭ ئەتىسى قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ. ئۇلار مېڭە سەرپ قىلمايدىغان پائالىيەتلەرنى، ئەڭ مۇھىمى، كۆڭۈل ئاچىدىغان پائالىيەتلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئائىلىسى دائىم ئىناقسىز ھالەتتە تۇرىدۇ. كىچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈنلا دائىم ئورۇنسىز ئۇرۇش-جېدەل قىلىشىدۇ.

3. مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىشتىن يانمايدىغان ئائىلىلەر.

بۇ خىلدىكى ئائىلىلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان «ئالغا ئىنتىلىش روھى» غا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، ياخشى ئامەتكە ئېرىشىش ئارزۇسىدا يولسىزلىق قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز بالىلىرىنىڭ تەۋەككۈلچىلىك روھىغا ئىلھام بېرىدۇ. بالىلىرى قائىدىگە خىلاپ ھەركەتتە بولغاندا ياكى قانۇنىي جازاغا ئۇچرىغاندا، ئۇلار بالىلىرىغا بۇنىڭدىن كېيىن تۇتۇلۇپ قالماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ.

4. جېدەل قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئائىلىلەر.

بۇ خىلدىكى ئائىلىلەر مۇش كۆتىرىپ چېقىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ «باتۇرلۇقى»، «ھەققانىيلىقى»، «تىز پۈكمەيدىغانلىقى» قاتارلىقلارنى ئىزھار قىلىشماقچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپلىرى قوپال، دائىم بالىلىرىنى جازالايدۇ. ئۇلار ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆيلىرىدە دائىم ئۇرۇش-جېدەل قىلىشىپ تۇرىدۇ. (8)

## ناۋايىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن

△ ئەيىپسىز كىشىنى تىل تىغى بىلەن رەنجىتىش ساق كىشىنى جاراھەتلەندۈرۈش بىلەن ئوخشاش.

△ ھېكمەتلىك كىشىلەر خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتلىك بولىدۇ.

نادانىنىڭ مەسلىھەتىدە خاتانىڭ بولۇشى چوقۇم، دۈشمەنىنىڭ نەسىھەتىدە ئالدامچىلىقىنىڭ بولۇشى چوقۇم.

△ يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزى يامانلىق كۆرىدۇ.

△ سۆزلىگۈچىگە باقماي سۆزىگە باق.

△ بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ساڭا ئېيتقان كىشى، سېنىڭ ئەيىبىڭنىمۇ باشقىلارغا ئېيتماي قويمايدۇ.

△ قول بىلەن ياخشىلىق قىلالمىغاندا تىل بىلەنمۇ ئۇنى ئورۇنلاش مۇمكىن.

△ ئۆزەڭگە لايىق كۆرمىگەننى خەلققە راۋا كۆرمە. (5)




(1) بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۆز يۇرتىنى ناھايىتى ئادىل ھەم دادىل سورىغاچقا ئوردا مۇلازىملىرىدىن تارتىپ پۇقراغىچە، چوڭلاردىن تارتىپ بالىلارغىچە ھەممە ئۇنىڭدىن رازى ئىكەن.



(2) پادىشاھ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى، يارامىلىق بىر ئىز باسارتەربىيلەپ قويۇپ، ئالەمدىن ئۆتسىمۇ ھېچقانداق ئارمانى يوقلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلىگە بىر سوئالنى پۈكۈپتۇ-دە، ئۆز دۆلىتىدىكى بارلىق كىشىلەرنى يىغىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

(3) جامائەت يىغىلىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا: «بىزنىڭ بۇ ئەلدە بىر ئورنىدا ئولتۇرۇپ مېنى ئۆزىنىڭ دېگىنىنى بىجا كەلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرەلەيدىغان بىرەر كىشى بارمۇ-يوق؟ ئەگەر ھەر قايسىڭلار مېنىڭ مۇشۇ سوئالىمغا توغرا جاۋاب بېرەلىسەڭلار يۇقىرى مەنسەپ، ئالى ئىنئام بېرىمەن» دەپتۇ.



(4) بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشاھلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بىئەجەل ئۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھېچقايسىسى ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.





(5) بۇ ھالەتنى كۆزۈتۈپ بىر ياندا تۇرغان مالچى يىگىت جۈرئەتلىك ھالدا شۇنداق جاۋاب بېرىپتىكى، پادىشاھ ئۇنىڭ جاۋابىغا قايىل ھەم مايىل بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگە ئىز باسار قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئېلان قىلىپتۇ.

قىنى بۇ مالچى يىگىت زادى نىمە دەپ جاۋاب بەردى؟ (5)

# شېئىرىيەت گېزىتى

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1986 - يىل
ئاپرېل
(4 - سان)


## جىگ.٩.ك

ئابەكرى ئەھمەت

«جىگەرلىك ئەر» دېيدۇ جەسۇر ئوغلاننى،
«جىگەرلىك ئايال» دەر قەيسەر چوكاننى.
«جىگەرلىك» سۆزىدە بارقانداق خىسلەت؟
كۆرمىدىم جىگەرسىز ھايات ئىنساننى.

ھەرقانداق ئادەمدە بولىمىز جىگەر،
ھەممىنى جىگەرلىك دېمەس نېمىشكە؟
جىگەرلىك ئىنسانلار خىسلەتلىرىدىن،
جاۋابلار ئىزلىدىم ئۇنى يېشىشكە.

دوختۇردىن سورىسام جىگەر ھەققىدە،
ئۇ دېدى:— جىگىرىڭ ئىشلەيدۇ قاننى.
ئاچچىقنى - زەھەرنى تارتىپ ئۆزىگە،
يوقىتىپ - پارچىلاپ، ساقلايدۇ جاننى.

بىلدىمكى جىگەردە بار ئىكەن خىسلەت،
ناھايەت ئېسىل ئىكەن مۇھەببەت - نەپرەت.
ئەجدادتىن «جىگەرلىك» دېگەن ئاتالغۇ،
جايىدا قويۇلغان — خاس ئىكەن پەقەت.

ياۋاشنى ھەرقاچان قىلماستىن بوزەك،
يامانغا يالۋۇرۇپ بولماستىن بوزەك،
ناھەقلىق ئالدىدا چىقىپ مەيدانغا،
ھەق ئۈچۈن سۆزلىگەن جىگەرلىك ئەركەك.

جىگەرلىك ئەركەككە مىسالىم سادىر،
جىگەرلىك قىزلارغا نۇزۇگۇم مىسال...
«جىگەرلىك ئىنسانغا ئەجەل كېلەر يات»
دېگەن بىر يەكۈنى كېلىدۇ دەرھال.

ئۆلمەيدۇ ئۆلگەندە نامىلىرى ئەلا،
ئەۋلادلار يادلىنىپ تۇرماقتا مانا.
«جىگەرسىز» يۈز يىللاپ ياشاشتىن كۆرە،
«جىگەرلىك ئەر» بىركۈن ياشىغان ئەلا.

مەندىمۇ جىگەر بار، بولاي «جىگەرلىك»
ئادالەت يولىدا پىدا قىلىپ جان.
مەن ئۈچۈن شان-شەرەپ ئەل بەرگەن بىر نام،
«جىگەرلىك ئەر» دېگەن ئەڭ يۈكسەك ئۇنۋان!

## ئىككى شېئىر

ئەزىز ئېلى (ئەزىزى)

### بەخت يۇلتۇزۇم

ئىزلەپ گۈزەل بەختىمنى،
تەلمۈرمەيمەن يۇلتۇزغا.
مۇھەببىتىم يۈكسەكتۇر،
ئىشتا پىشقان ھۆر قىزغا.

ئۆزگىچە ئۇنىڭ باسىمۇ،
چاڭ - توزان يۈز- كۆزىنى.
كۆرسىتىدۇ ئەمەلدە،
قىلغان ھەر بىر سۆزىنى.

ئانا يەرگە باغلانغان،
ئۇنىڭ مېھرى ھەر نەپەس.
ماڭا ئايدەك پاك قەلبى،
ئانا يەردەك مۇقەددەس.

گۈل ئۆستۈرۈپ قەلبىمدە،
گۈل دەستە تىزىپ قويدۇم.
قىسار ئۇلى دېھقان قىز،
مېنىڭ بەخت يۇلتۇزۇم.

### يېشىل دولقۇن

تۇرىمەن دېڭىز بويى تاش ئۈستىدە،
كۆز تىكىپ دېڭىز ئاسمان يىراقلارغا.
خىياللار قايىنىمغا چۆمۈلىمەن،
جور بولۇپ شاۋقۇن ئېيتقان قوشاقلارغا.

ئۆزۈمنى خىيالىمدا بېلىق بولۇپ،
پايانسىز كەڭ دېڭىزدا پەلتىڭ ئېتىپ،
قايناملار ئالچىتا گەر، ئۇخلىتىدۇ،
دولقۇنلار بۆشۈكىدە ئەللەيلىتىپ.

ئەركىنى ۋە بەختىنى جەۋلان قىلىپ،
ئۆزۈمنى جاسارەتكە - كۈچكە تولۇپ.
ئەي دېڭىز مېھرىڭ گويا ئانا مېھرى،
بىقۇۋال قالاي سەندە بالاڭ بولۇپ.

يەلكەنمەن، مەن ھاياتنىڭ دېڭىزىدا،
يولۇمنى توسالمايدۇ ئۇچقۇنلىرى.
ھېلىمۇ يۈرىكىمدە يېشىل دولقۇن،
شاتلىقىم سىماسىدۇر بوزغۇنلىرى.

## ئىككى تېكىست

### بەختىم

مېھمانجان روزى

ئانامسەن جانىجان جۇڭگو،
چەك ئاتتى ئۆمۈر سەندە
ئۆسۈپ مېھرىڭدە چوڭ بولدۇم،
جاسارەت ئۇرغۇدى تەندە.

مەرىپەتتىن ئىچىپ شەربەت،
ئىلىمدىن كاك قانات تاقتىم.
سېنى گۈللەش يولىدا مەن،
كېلەچەككە خۇشال باقتىم.

بولۇپ شەيدا كېلەچەككە،
ئىجات ئەتمەك مېنىڭ ئەھدىم.
ئەشۇ يولدا ماڭا جاننى،
پىدا قىلماق مېنىڭ بەختىم.

### ئانا مېھرى

ئانا مېھرىڭ يۈرەكتە،
ئۆچمەس گۈلخان ئەمەسمۇ.
شەپقىتىڭگە تەشەككۈر،
دىلدا داستان ئەمەسمۇ.

ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈرۈپ،
قوشتۇڭ مېنى قاتارغا.
ھاياتىمنى يار قىلدىڭ،
سولماس پەسلى باھارغا.

شۇڭقار بولۇپ ئۇچىمەن،
قاناتلىنىپ پەن بىلەن.
ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن،
چوقۇم جان - تەن بىلەن.

### پېچىرلاشلار ...

مەخمۇت مۇھەممەت

پېچىرلاشسا پىنھاندا جۈپلەر،
چۆچۈمەڭلار، يەتمىسۇن مالال.
پېچىرلىشىپ ئېيتىشار سۆيگۈ،
پېچىرلىشىپ قۇرۇشار ئىقبال.

پېچىرلاشسا ھەر جايدا جۈپلەر،
چۈشەنمەستىن ئەيىبلىمەڭلار.
پېچىرلىشىپ، يارالغان نەسىل،
قۇتلۇق ئىشنى ئەيىب دېمەڭلار.

بىزنىڭ ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9 - قورا * 1986 - يىل 1 - ئاپرېل نەشردىن چىق

## كېچە

...ەن ئىلدۇالدى

...لدى كۆكتە زەرقۇياش،
...ۆلتۇز تۇرىدۇ ئويغاق.
...ىغا دۆگلەندى زېمىن،
...س كېيدى ھەممە ياق.

...ىدە ھېرىن كېچىنىڭ،
...چىمىپ يۇمدى كۆزىنى.
...لىنچ بىغىم ئۇيقىدا،
...ىدە سىبزەر ئۆزىنى.

...الار شىلدىرلاپ ئاستا،
...ۇچۇپ كۈللەرنى شامال.
...ولۇپ بىر پەستەكىچە،
...ىرى ئاچتى ھۆر جامال.

## ...ڭكى شېئىر

...ىمەتجان ئىسمايىل

### ...دۇق جانىم ساڭا

...كىغۇا ئۇغۇلۇپ سەندە،
...ا ياشنىدىم گۈلدەك.
...ېھرى- شەپقىتىڭ بىلەن،
...لۇپ چاقنىدىم چوغدەك.

...ەزىز شەرپەتلىرىڭنى،
...ياھ ۋەسلىگە قاندىم.
...ىلغا ئۇلۇغ غايەڭنى،
...شتا ئوت بولۇپ ياندىم.

... ئۆمرۈم جانىجان ۋەتەن،
...قتۇر ھەردەمى ساڭا.
...چۇن جانىمدىن كەچمەك،
... يوق شەرەپتۇر ساڭا.

### ...ى غۇنچىدەك بەختىم

...ى دەۋرىمىز بەرگەچ،
...ىلىك گۈزەل چاغنى.
... ياشنىدى گۈلدەك،
...ۇرانە گۈلباغنى.

... غۇنچىدەك بەختىم،
... خۇشپۇراق چاچتى.
...شتىياق ئۇرغۇپ،
... كوي - قوشاق ئاشتى.

...رالىنى قەلبىمىدىن،
...س چىن قارارىم بار.
...خشامىنى ياگراتام،
...ىرداش دۇتارىم بار.

## كەتمىنىم

ساتتار توختى

سۆيۈلىمەدۇ مەرت يىگىت،
مەشۇقىنى تاپقاندا.
سۆيۈلىمەن ئاشىقتەك،
سېنى ھەربىر چاپقاندا.

مەشۇقىمەن كەتمىنىم،
مېنىڭدەك يەر ئوغلىنىڭ.
ئەجدادىدىن يەر ئۇچۇن،
يەر ئۆزكەن ئەر ئوغلىنىڭ.

خوجىسىمەن ئىتىمىزنىڭ،
رۇستەم ئوخشاش قامەتلىك.
بۇ مېھنەتلىك باشىمغا،
بەخت سۆيگەن ئامەتلىك.

سېنى ھەربىر چاپقاندا،
زېمىن تىترەر زەپتىگىدىن.
چاپقانىڭىرى يالقۇنلار،
كوچ - جاسارەت تەپتىگىدىن.

ئۆزەڭ ئانا تۇپراقنىڭ،
خاسىيەتلىك ئاچقۇچىسى.
ئالتۇن بولار سەن بىلەن
قايناق ماگلاي چاپقۇسى.

سېنى راسا چاپقىنىم،
يەرگە كەمخاپ ياپقىنىم.
شۇ ئەمەسمۇ بىر ئۆمۈر،
يەردىن بەخت تاپقىنىم.

## مارجان

ئابدۇرېھىم سىدىق

كۆزلىرىمنى چاقناتتى جانان،
بويىنۇڭدىكى پارقىراق مارجان.
چاقنىمىسا قەلبىڭ مارجاندەك،
تەلپۈنەمەن ساڭا ھېچقاچان.

بىزەكلىمەڭ قەلبىڭنى پەندە،
تۇرار ئالتۇن كەبى نۇرلىنىپ.
شۇ چاغ كۆڭلۈم بولىدۇ سەندە،
قارار ھەركىم ساڭا زوقلىنىپ.

## شائىر قەلىمى

سىدىق قاۋۇز

قەغەز ئۈزىدە چاچار مەرۋايىت،
ئەلگە سىرداش شائىر قەلەمى.
رىشتە بولۇپ چىتىلغان ئاڭا،
خەلقىمىزنىڭ شاتلىق، ئەلەمى.

ھەمراھ بولۇپ شائىرغا كۈن-تۈن،
بەيگىلەردە چاپار دۇلدۇلدەك.
ئىجادكارنىڭ تىلى شۇ قەلەم،
ئاۋا قىلار تاڭدا بۇلبۇلدەك.

ئەشۇ قەلەم بولۇپ ئارازا،
ھەق - ناھەقنى ئۆلچەيدۇ لىللا.
(ئازلىق قىلار ئەجرىگە ئۇنىڭ،
قىلسا ئەقدىم تاغ كەبى تىللا).

دەيمەن ئۇنى جاھان ئەينەكىگە
ئۇندا ئايان ئالەمنىڭ سىرىغە
بۇ ئەينەكتە كۆرۈنەر روشەن
چىراي ئىمىس قەلبلەر كىرىغە

ئالتۇن ئاچقۇچ شائىرغا قەلەم
غەزىنىسىنى ئاچار ئۇ بىلەن
ئۇ شائىرنىڭ قورالى، پەخرى
غالىب كېلۇر جەڭدە شۇ بىلەن

قەلەم ئەلچى، قەلەم جاكارچى
ئۇ سۆزلەيدۇ شائىر تىلىدىن
شۇڭا دائىم ئاڭار كۆككىچە
شائىر ئۇنى سۆيۈپ دىلىدىن

## ياشلىق چېغىم

ئابدۇللا ياقۇپ

ياشلىق چېغىم بوستان چېغىم،
لاۋۇلدىغان گۈلخان چېغىم.
ھاياتىمنىڭ ئاسمىنىغا،
نۇر تاراتقان چولپان چېغىم.

ياشلىق چېغىم رەنا چېغىم،
زېھنىم ئۆتكۈر دانا چېغىم.
تولغان يۈكسەك شىجائەتكە،
تاشقىنلىغان دەريا چېغىم.

ياشلىق چېغىم باغدەك چېغىم،
مەزمۇن قىيا-تاغدەك چېغىم.
ئەل قەلبىگە لەززەت بەرگەن،
شېرىن ھەسەل ياغدەك چېغىم.

ياشلىق چېغىم كۈلگەن چېغىم،
سائادەتكە چۆمگەن چېغىم.
بولۇپ قەيسەر چېلىشلاردا،
ئالتۇن تەرلى تۆككەن چېغىم.

ياشلىق چېغىم تولغان چېغىم،
غەلىبە زەپەر قۇچقان چېغىم.
كۆزلەپ يىراق كېلەچەكنى،
قانات قېقىپ ئۇچقان چېغىم.

## دېمە

تۇرسۇن ئوبۇلقاسىم

ئەي گۈزەل سەن كەبى ئىشچان،
بولىمەن يارىم دېمە
ئاۋلىنىپ ئەمگەكتە پىشقان،
بولىمەن يارىم دېمە

ۋەتىنىم خەلقىم ساڭا،
بەردى بۈيۈك ۋىژدان، مادار،
ئەل- ۋەتەن ئىشقىدا كۆيگەن،
بولىمەن يارىم دېمە.

سەن قوشۇپسەن تۆھپىلەرنى،
ۋەتىنىم- خەلقىم ئۈچۈن،
مەنمۇ ھەم دۇرلەرنى قازغان،
بولىمەن يارىم دېمە.

ئاغنى پەرھات كەسمىگەن،
بولسا شېرىن سۆيمەس ئىدى،
تۆھپىكار، مەردانە ئوغلان،
بولىمەن يارىم دېمە.

كەلگىنە، سەن بىرلە قەلىمىم،
بەستىلىشىشكە ئىنتىزار،
بارچە دوست ئاغزىدا داستان،
بولىمەن يارىم دېمە.

* گېزىتىمىزنىڭ جاۋاپكار مۇھەررىرى (٤) تېلېفون: باش مۇھەررىرى ئىشخانىسى 27885، مۇھەررىر ئىشخانىسى 25064








ئابلىكىم نەممەت يازغان





مۇھەممەت ھىممەت يازغان



ئىبزىز ئىملۋالدى يازغان





نەچچە 10 يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى ئەللەردە ئۇچار تەخسىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ ھەقتىكى سۆز-چۆچەكلەرمۇ خىلمۇ-خىل بولدى. بەزى كىشىلەر ئۇچار تەخسىنى «تاشقى پلانېتىدىكى ئادەملەر»نىڭ يەر شارىغا ئەۋەتكەن «ئالەم ئايروپىلانى» دېيىشسە، بەزى كىشىلەر ئۇنى پەقەت ھاۋا بوشلۇقىدىكى ھادىسە دېيىشمەكتە.

بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى ئەينەن ھەم جانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق شەكىلدە ئىكەنلىكى، قانداق ئۇچقانلىقى، يەر يۈزىگە قانداق چۈشكەنلىكى، ھەتتا بەزى كىشىلەر بۇ ئۇچار جىسىملار ئىچىدىن ئادەمگە ئوخشاش «ئەقىللىق جانلىقلار»نىڭ مېڭىپ چىققانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، يەر شارىدىكى ئادەملەر ئۇلار تەرىپىدىن ئۇتتۇۋېلىنىپ «نامەلۇم ئۇچار جىسىم» ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىلگەنلىكىنى، بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار گويا نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەندەك ھېس قىلغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ساقال-بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن، قولىدىكى سائەتلەرمۇ توختاپ قالغانلىقىنى كۆرگەنلىكى ۋە باشقىلار. بىراق بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ھەم ئىشەنچلىك دەلىل-ئىسپاتقا ئېرىشكىنى يوق.

«ئۇچار تەخسە» ياكى «نامەلۇم ئۇچار جىسىم» زادى قانداق نەرسە؟ ئۇ «تاشقى پلانېتىدىكى ئادەم»لەر ئەۋەتكەن ئالەم ئايروپىلانىمۇ؟ بۇ خىل قاراشقا خېلى كۆپ كىشىلەر قوشۇلماي كېلىۋاتىدۇ. سەۋەب:

بىرىنچىدىن، قۇياش سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان ئۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ئارىلىقىمۇ 4 يورۇقلۇق يىلى بولىدۇ. يىراقراق بولغاندا نەچچە 10 يورۇقلۇق يىلى، ھەتتا 100 نەچچە يورۇقلۇق يىلىمۇ بولىدۇ، بۇ ھېچقانداق ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. مۇشۇنداق يىراق جايغا بىر ئالەم ئايروپىلانى بولۇپمۇ ئادەم چۈشكەن ئالەم ئايروپىلانى ئەۋەتىشنى بىزنىڭ بۈگۈنكى پەن-تېخنىكا سەۋىيىمىز ۋە شارائىتىمىز بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، شۇنداق قىلىش مۇمكىن دەپ ھېسابلانغان كەلگۈسىدىمۇ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئانچە چوڭ ئەمەس. «تاشقى پلانېتىدىكى ئادەم»لەرنىڭ ئەشۇنداق يۇقىرى پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى بارمىدۇ؟

ئىككىنچىدىن، يورۇقلۇق تېزلىكى بويىچە ئۇچقان تەقدىردىمۇ، «تاشقى پلانېتىدىكى ئادەم»لەرنىڭ ئالەم ئايروپىلانى ئىچىدە نەچچە 10 يىلنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن يىللارنى قانداق ئۆتكۈزەلەيدۇ؟

ئەلۋەتتە، بىز بۇ مەسىلىنى پەقەت ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان، بۇلارنى تىلغا ئالمىغان تەقدىردىمۇ، چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان يەنە بىر مەسىلە مەۋجۇت: ئالەم ئايروپىلانى يەر شارى بوشلۇقىغا يېتىپ كەلگەن ئىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە يەر يۈزىگە چۈشۈشى، ئىنسانلار ئارىسىدا دوستانە زىيارەتتە بولۇشى كېرەك-تە! لېكىن نەچچە 10 يىلدىن بۇيان ئۇ ھەمىشە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ غايىپ بولۇپ، بىزدىن قېچىپ، گويا ھېچبىر مەقسەت-مۇددىئاسى يوقتەك يەر شارى ئەتراپىدا لاغايلاپ يۈرمەكتە. ياكى يەر شارىدىكى كىشىلەر بىلەن تونۇشماس چاقچىقى باردەك، مۈكۈ-مۈكۈلەڭ ئوينىماقتا. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. (5)

## ئالەمدىن ئۇچۇر




**مەدەلىخان، شىرىن قۇربان**

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا تەخمىنەن 80 كىلومېتر كېلىدىغان يەردە بىر جاي بار، كىشىلەر ئۇنى جەرغال دەپ ئاتىشىدۇ.

جەرغال دېگەن بۇ يەرنىڭ نامىنى ئادەتتىكى خەرىتىلەردىن ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ جاي ئىلمىي خادىملارنى ۋە ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان «سىرلىق جاي» بولۇپ قالدى. بىز بۇ ماقالىدا پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمىنىلا تونۇشتۇرىمىز:

قەدىمقى قونالغۇ ئۆي خارابىسى: قونالغۇ ئۆي گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان، ئاستى قىسمى تۆت چاسا شەكىللىك بولۇپ، 4.5 × 4 مېتر كېلىدۇ. ھۇلى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۈستى پولسا لاي كېسەك بىلەن گۈمبەز شەكلىدە چىقىرىلغان، تۈگلۈك قويۇلغان، گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا كۆلىمى چوڭراق بولغان قورۇق تام قوپۇرۇلغان، ئۇنىڭ پەقەت ئىزىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا چۆپلۈك بار. ئۇنىڭ شەرقىي يېنىدىن تاشقورغان دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ، غەربىي يېنىدىن جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى ئۆتىدۇ. گۈمبەزنىڭ ئىچىدە ئوت قالانغانلىقى ئۈچۈن، تورۇس - تاملىرى پۈتۈنلەي ئىس بىلەن قارىداپ كەتكەن. گۈمبەزنىڭ قاچان ياسالغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس، لېكىن سېلىنغان ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇنى «يىپەك يولى» ئۈستىدىكى قونالغۇ دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى قەدىمقى زاماندا كىشىلەر تاشقورغاندىن چىقىپ، ھازىرقى ئافغانىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلارغا بارماقچى بولسا چوقۇم مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تاشقورغان ناھىيە شەھىرى (قەدىمقى زاماندىكى تاش قەلئە ۋە شەھەر خارابىسى مۇشۇ يەردە)دىن ئۇلاغ بىلەن سەپەر قىلسا، ئومۇمەن بىر كۈنلۈك يول كېلىدۇ.

جەرغالدىكى بۇ قەدىمىي قونالغۇ خارابىسىدىن شەرقىي - شىمالغا تەخمىنەن بىر قانچە يۈز مېتر كېلىدىغان جايدا ئېگىزلىكى بىرقانچە مېتر كېلىدىغان، تىنغان لاتقىلاردىن ھاسىل بولغان بىر ئېگىز يارلىق بار. 1978 - يىللىرى جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى ياسالغاندا، يول ياسىغۇچى ئىشچىلار يارنى ئويۇپ، گەمە كولىغان. كېيىن ئىشچىلار ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ گەمىلەر بەينى پېتىچە قالغان، 1983 - يىلى بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانا ئاتۇشتىكى تاشقا ئويۇلغان ئادەم بېشىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەندە، يەنە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئىزلىرى ساقلىنىش ئېھتىمالى بولغان جايلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تاشقورغانغا چىقىپ، جەرغالدىكى گەمىلەرنى كۆرگەن. ئۇلار گەمىلەرنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرگەندە، ئۇلار ئىچىدىكى ئىككى گەمىدە يارنىڭ قېتىدا ئوت قالانغان ئىزنى تاپقان، ئىلمىي خادىملار ئۇ يەردىن ئەۋرىشكە ئېلىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ



مەدەنىيەت ئىزىنىڭ بىر قىسمى كۆمە كولانغان ۋاقىتتا ۋەيران بولغان، بىر قىسمى بولسا يارنىڭ قېتىدا ھازىرمۇ ساقلانماقتا. ئۇ يەردىن ئاساسەن كۆيگەن ئوتنىڭ كۈلى، چالا كۆيگەن ياغاچ ۋە سۆڭەكلەردىن باشقا يەنە كۆمە كولانغاندا چىقىرىپ تاشلانغان تۇپا ئىچىدىن، قەدىمقى ئىنسانلار چېقىپ ياسىغان تاش قورال ۋە تاش پارچىلىرى تېپىلدى. ھازىر بۇ تاش قوراللارنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلدى. جىرغال ئەسلى كۆچمە جىنىسلاردىن ھاسىل بولغان بالداقلىق ئېگىزلىك بولۇپ، يۇقىرىدا دېيىلگەن خارابىلەر ئۇنىڭ 3 ـ بالداق ئېگىزلىكتىكى يارنىڭ ئاستىدىن تېپىلغان. مۇشۇ بالداق ئېگىزلىكنىڭ يەر يۈزىدە يەنە ئۇرغۇن قەدىمقى قەبرىلەر، ئۆي ـ ئىمارەت خارابىلىرى ۋە تېرىلغۇ يەر ئىزلىرى بار. قەدىمقى ئۆي-ئىمارەت خارابىلىرى ئىچىدىن قوپال ياسالغان كۈلرەڭ، قىزىل رەڭلىك ساپال پارچىلىرىمۇ تېپىلغان، ساپال پارچىلىرى جىرغال ئەتراپىدىكى باشقا جايلاردىمۇ دائىم كۆزگە چېلىقىدۇ. خارابىلەر مەركەزلەشكەن ئېگىزلىكنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە تاغ باغرىنى بويلاپ سوزۇلغان تاشقورغان تارىخىدىكى ئەڭ زور ئۆستەڭ «پەرھات ئۆستىڭى»نىڭ ئىزى بار. بۇ يەردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۆستەڭدىن باشلانغان تارماق ئېرىقلار بىلەن سۇغۇرۇلغان. جىرغالدىكى بۇ خارابىلەرنىڭ ھەرقايسىسى قەدىمقى ئوخشىمىغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بۈگۈندىن 5000 يىللار ئىلگىرى بۇ يەردە ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ ئۈستىدە تېخى ئومۇميۈزلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، جىرغال مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ سىرى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى كىشىلەرگە نامايەن بولغۇسى. (9)

## پەرزەنتلىرىنىڭ

مۇناسىۋەتلىك پسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ۋە ئانالىز قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتلەر ئارا تۇغۇلغان رەت تەرتىپى، شۇ كىشىنىڭ مىجەز خۇلقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىكەن.

ئەڭ چوڭ پەرزەنتلەر — ئاتا-ئانىلار ئەزەلدىن بالىنىڭ چوڭىغا زور ئۈمىد باغلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار كۆپ ھاللاردا بەكمۇ ئەركە ھەم بەكمۇ تەلەپچان بولىدۇ. ئۇنىڭ تەلىپىمۇ باشقا پەرزەنتلەرگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئىگە بولىمەن دېسە ئۆز تەلىپىنى بىر ئاز تۆۋەنلىتىش كېرەك.

يالغۇز ـ پەرزەنت — يالغۇز پەرزەنتنىڭ خۇي ـ مىجەزى ئاساسەن چوڭ پەرزەنت بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن ئۇلاردا كىچىكىدىنلا باشقىلار بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتى ئاز بولغاچقا، ئۇلار باشقىلارنىڭ غېمىنى يېمەس، باشقىلارنى نەزەردە تۇتۇشنى كۆپرەك ئۆگىنىشى كېرەك.

ئوتتۇرانچى پەرزەنت — كىچىك چېغىدىن ئارتىپلا باشقىلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ۋە مەسلىھەتچى بولۇش رولىنى ئويناشقا ماھىر كېلىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى ئىمكان قەدەر جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم.

ئەڭ كىچىك پەرزەنتلەر — تەدبىرلىك كېلىدۇ. لېكىن ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ ئەركە ئۆسكەچكە ئاسانلىقچە باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئادەتنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىشى لازىم. (5)

## پىسا مۇنارىنىڭ...

ئىتالىيىدىكى دۇنياغا مەشھۇر پىسا مۇنارى 1173 - يىلى بەنا قىلىنغاندىن بۇيان 813 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى. بۇ قىيپاش مۇنارنىڭ ئۆز ئېغىرلىقى 15 مىڭ توننا بولۇپ، ھازىر يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.047 ئىنگىلىز سۈكى سۈرئەت بىلەن داۋاملىق قىيسايماقتا. نۆۋەتتە مۇنار چوققىسى بىلەن يەر يۈزى تەكشىلىكى ئوتتۇرىسىدا ئاران 17 ئىنگلىز چىسى ئارىلىق قالغان.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۆلچەپ چىقىشىغا قارىغاندا، بەختكە يارىشا، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان يامغۇر كۆپ يېغىپ، ھاۋا كېلىماتى نەم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مۇنار بار شەھەرنىڭ كېڭەيتىلگىنىلىك قۇرۇلمىسى تېخىمۇ چىڭدىلىپ، مۇستەھكەملەنگەن، بۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇنارنى تىرەپ تۇرۇش رولىنى ئوينىغان. 1984 - يىلدىكى ئۆلچەش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ مۇنار شۇ يىلى ئاران 0.019 ئىنگلىز سۈكى قىيسايغان. بۇ يەنىلا كىشىلەرنى غەم-ئەندىشىگە سالماقتا. (5)

## مايمۇنغا ئۆزگەرگەن بالا

خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شىمىن ناھىيە بەيشادۇ كەنتىدە ئالتە ياشلىق بىر قىز ئۆتكەن يىلىدىن باشلاپ، ئاستى - ئۈستى جاغ سۆڭىكى ئاستا - ئاستا تومپىيىپ چىقىپ، ئىككى مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ ئادەم سىياقىدىن مايمۇن سىياقىغا ئۆزگەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، ئەسلىدە ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە ماڭىدىغان بالا ئەمدىلىكتە تۆت ئاياقلىنىپ ئۆمىلەيدىغان، كۆزىمۇ ھاۋا بوشلۇقىغا قارايدىغان، دەرەخلەرگە يامىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، زوڭزايسا بەئەينى مايمۇنغا ئوخشاش ئىككى قولى بىلەن مەڭزىنى تۇتۇۋالىدىغان، ئاتىلايدىغان، رادىئو ئاۋازىنى ئاڭلىسا ئورنىدىن سەكرەپ كېتىدىغان، قورقۇپ قاچىدىغان بولۇپ قالغان، ھازىر مۇناسىۋەتلىك يەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىتا تەتقىق ئېلىپ بارماقتا. (5)

## تۇغۇت ھەققىدە...

پولشىنىڭ مەلۇم شەھىرىدە سوفىيە ئىسىملىك بىر دېھقان ئايال 16 ئاي ئىچىدە 11 بالا تۇغقان. ئۇ تۇنجى قېتىم ئالتە بالا، ئىككىنچى قېتىم بەش بالا تۇغقان. بۇ 1880 - يىلدىن 1881 - يىلغىچە بولغان ئەھۋال.

ئامېرىكىنىڭ كالورادو شتاتىنىڭ دانۋېر شەھىرىدە بىر ئايال يەتتىنى تۇغقان بولۇپ، تۇنجى بالىسىنى يەكشەنبە كۈنى، ئىككىنچى بالىسىنى دۈشەنبە كۈنى، ئۈچىنچى بالىسىنى سەيشەنبە كۈنى، تۆتىنچى بالىسىنى چارشەنبە كۈنى، بەشىنچى بالىسىنى پەيشەنبە كۈنى، ئالتىنچى بالىسىنى جۈمە كۈنى، يەتتىنچى بالىسىنى شەنبە كۈنى تۇغقان.

فرانسىيەدە يەنە بىر ئايال توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن بىر بالا، ئىككى يىلدىن كېيىن ئىككى بالا، ئۈچىنچى يىلى ئۈچ بالا، تۆتىنچى يىلى تۆت بالا، بەشىنچى يىلى بەش بالا، ئالتىنچى يىلى ئالتە بالا بولۇپ جەمئىي ئالتە يىل ئىچىدە 21 بالا تۇغقان. (5)

## دىۋانىلىق كىنىشكىسى

كولومبىيىدە دىۋانە بولۇشمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن. دىۋانە دىۋانىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئالاقىدار ئورۇنلارغا ئىلتىماس قىلىدىكەن. ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ كىنىشكە بېرىلگەندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي دىۋانە بولىدىكەن. دىۋانە بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاپتوماتىك ھالدا چېلىنىدىغان سازلارنى ئېلىپ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات رايونلىرىدا ياكى ئادەم كۆپ توپلاشقان جايلاردا، بىر تەرەپتىن نەغمە-ناۋالارنى ياڭرىتىپ، بىر تەرەپتىن پۇل كومزىكىنى پولاڭلىتىپ، يولدىن ئۆتكۈچىلەردىن پۇل تىلەيدىكەن. تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنلەر ھەر كۈندە 400 كوللاندىيە موللارغا ئىگە بولالايدىكەن. بۇ پۇلنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئالاقىدار ئورۇنلارغا باجغا تاپشۇرىدىكەن. (5)

## «ئۆزگىچە مۇكاپات»

ھىندونېزىيىنىڭ ياما ئارىلىدىكى سېمارالڭ شەھىرىدە 1985-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى «خۇشامەتچىلىك قىلىش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلگەن. مۇسابىقە ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر گۇرۇپپا خوجايىنىغا خۇشامەت قىلىش، يەنە بىر گۇرۇپپا خوتۇنىغا خۇشامەت قىلىش، ئۈچىنچى گۇرۇپپا ئاتا-ئانىسىغا خۇشامەت قىلىش بويىچە مۇسابىقە ئېلىپ بارغان. مۇسابىقە قائىدىسىدە، ھەر بىر كىشى پەقەت تۆت مىنۇت ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ خۇشامەتچىلىك قىلىش ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بولۇش بەلگىلەنگەن. مۇسابىقە ھەيئىتى ئوخشىمىغان ياشتىكى كىشىلەرنىڭ بۇ «ئۆزگىچە مۇكاپات»نى تالىشىشىنى قارشى ئالغان. خۇشامەتچىلەرنى باھالاش ھەيئىتىگە كىنو چولپانلىرى ۋە رومانتىستلار قاتناشقان. (5)

## غەلىتە بوۋاق

ئامېرىكىلىق قىزچاق ئېلىس يۈزى يوق ئون يىل ياشىغان غەلىتە ئادەم. ئېلىس 1975-يىلى 6-ئايدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ يۈزى يوق، قورقۇنچلۇق غەلىتە بوۋاق ئىدى. 1976-يىلى تېببىي دوكتور، ئاشقى ھەيكەل ئويۇش مۇتەخەسسىسى لىندىچى ئۇنىڭ شەكلىنى تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلىشنى قارار قىلىپ، توپ-توغرا ئالتە يېرىم يىل ئىچىدە 12 قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭدا مۇكەممەل ئېغىز، بۇرۇن، قاش-قاپاقلار نورمال جايىغا يۆتكەلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ مەڭگۈلۈك قارىغۇ ئىدى.

كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى، ئېلىسنىڭ قانداق بولۇپ يۈزى يوق بولۇپ قالغانلىقى ئىدى. ئالىملارنىڭ كۆزىتىشىچە، بوۋاقنىڭ يېتىلىش جەريانىدا يۈز قىسمىنىڭ توقۇلمىلىرىنىڭ يۆتكىلىش باسقۇچى بۇرۇنلا توختاپ قالغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىسنىڭ بۇرنى، ئېغىزى، كۆزى قاتارلىق بەش ئەزاسىنىڭ ئورنى خاتا بولۇپ قالغان. (5)

## خەلقنىڭ قەلبىدىكى ياش باغۋەن

ئاخىرقى نەپەسىم قارا تاختا ئۈۋىدە ئاخىرلىشىدۇكى، شەرەپلىك كەسپىمدىن ۋاز كەچمەيمەن.» بۇ تۇقسۇن ناھىيىسىنىڭ 8 - ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى رىشىت روزىنىڭ قەلب سۆزى. ئۇ 1981 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بېرى ئۇ-نىڭ سىنىپى ئىلغار كوللېكتىپ، ئۆزى بولسا مۇ-نەۋۋەر تەربىيىچى بولۇپ باھالىنىپ كەلمەكتە.

بىر قېتىم ئۇ دەرس بېرىۋاتقان 7 - يىللىق سىنىپتىن ئاتىكەمنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان رىشىت روزى قىلچە ئىككىلەنمەستىن قان بەرمەك-چى بولۇپ دوختۇرخانىغا بارىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ قېنى توغرا كېلىدۇ. بۇ ياش باغۋەننىڭ قېنى قىزنىڭ تومۇرىدا ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغاندا قىز-نىڭ دادىسى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئۆز مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن رىشىت روزىغا 150 يۈەن پۇل تەڭلەيدۇ. رىشىت روزى «مەن بولسام ئوقۇتقۇچى، ئۆز ئوقۇغۇچىمغا بەرگەن قېنىمنى پۇلغا ساتسام قانداقمۇ شەرەپلىك نامىمغا يۈز كېلەلەيمەن» دېيدۇ - دە، پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. دېمەك ئۇ، بالىنىڭ دادىسى ئال-دىدىلا ئەمەس، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەل-بىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. (4) (م. ئابلا)



## يېزا دوختۇرى مانا شۇنداق بولسا...

پەيزىۋات ناھىيە يېڭىئاۋات يېزىسى يېڭىئاۋات كەنتىنىڭ يېزا دوختۇرى ئىتتىپاق ئەزاسى ياسىن ئوسمان ئۆز كەنتىدىكى ئاممىنىڭ داۋالىنىش-تىكى قولايسىز شارائىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھالال مېھنەت تەرىدىن كەلگەن 1000 يۈەن پۇلنى سەرپ قىلىپ، ئۈچ ئېغىزلىق ئالتە كارىۋاتلىق مەخسۇس ياتاقخانا سېلىپ، 1984 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ كېسەل قوبۇل قىلىپ، 56 بىمار-نى داۋالاپ ساقايتتى. 19 بىمارنى ئائىلە كارىدۇرتى قىلىپ، ۋاقتىدا دورا - ئوكۇل بېرىپ داۋالىدى. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئاممىدىن، ئابلا سىيت قاتارلىق 21 بىمارنىڭ 131 يۈەن قىممىتىدىكى دورا پۇلىدىن ھەقسىز داۋالىدى. ئۆز كەنتى خەلقىنى داۋالىغاندىن سىرت قوشنا ئالتە كەنتتىكى 7661 بىمارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ كەڭ ئاممىنىڭ ھىما-يىسىگە ئېرىشتى.

ھازىر ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۆس-تۈرۈپ، توپۇق كېسىلى، ئادەتتىكى يەرلىكلىق كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇنىڭ قولىدىن شىپا تاپقان كەڭ ئامما «يېزا دوختۇرى دېگەن مانا شۇنداق بولسا...» دەپ تەرىپلەشمەكتە. (4) (ئەيسا قادىر)



# ھەزىلكەشلىك ئۇنىۋېرسىتېتى

ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى فلورىدا شتاتىنىڭ ۋېلىس دېگەن يېرىدە ھەزىلكەشلەرنى تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس بىر ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، ئۇ 1965 - يىلى قۇرۇلغان، بۇ مەكتەپ ھەيارلار ۋە قىزىقچىلارنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىكەن.

«ھەزىلكەشلىك ئۇنىۋېرسىتېتى» قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە كىشىلەر ھەيران بولۇشۇپ، ساراڭلارنى دوراش ئۈچۈنمۇ دېپلوم ئېلىش كېرەكمىكەن دېيىشكەن، لېكىن مەكتەپ بۇ ماھارەتنى پىششىق ئىگەللەپ، رولنى تەبىئىي ئېلىپ چىقالىغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرگە زوق ۋە شاتلىق بېغىشلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ھەر يىلى كۈز پەسلىدە ئوقۇش باشلايدىكەن. مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغانلار 17 ياشتىن ئاشقان ياشلار بولۇپ، تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشقا بولىدىكەن، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن ۋە دەم ئېلىشقا چىققان ھەزىل سەنئەتكارلىرى ئىكەن. مەكتەپ باياناتچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى دۇنيا بويىچە داڭلىق كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەنلەرمۇ ئۆز ئۇستازلىرىغا ئوخشاش، سەنئەتتە ئۆز تالانتىنى نامايەن قىلالايدىغان بولۇپ چىقىدىكەن، لاياقەتلىك بىر ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تەخمىنەن 5000 ئامېرىكا دوللىرى كېتىدىكەن، گەرچە ئوقۇش خىراجىتى بەك يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەكتەپ ھەزىل سەنئىتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئوبدان سورۇنى بولالىغانلىقى ئۈچۈن، مەكتەپكە كىرگۈچىلەرمۇ چىقىم تارتىشتىن قاچمايدىكەن.

بۇ مەكتەپنىڭ دەرسلىرى ئادەتتىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دەرسىگە ئوخشىمايدىكەن. ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن تۇنجى دەرسنى ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنىڭ چىراي شەكلىنى تەتقىق قىلىشتىن باشلايدىكەن، چۈنكى بۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ قانداق ئوبرازلارنى يارىتالايدىغانلىقىنى پەملىۋالالايدىكەن.

ئوقۇغۇچىلار ئۆزى ياراتماقچى بولغان ھەزىلكەش ئوبرازنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ئومۇمىي مەشىققە ئۆتىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار، دەرسلىرىمىز جانلىق، قىزىقارلىق، لېكىن بۇ خىل سەنئەتنى پىششىق ئۆگىنىش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدىكەن. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن تاكى يېرىم كېچىگىچە مەشىق قىلىدىكەن. ئوقۇش ئاخىرلاشقاندا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئىمتىھان ئېلىنىدىكەن، ئىمتىھان مەزمۇنى ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ ئاۋال ئوقۇغۇچىنىڭ كەسپىي ھەزىلكەشلەرنى دوراش ئىقتىدارى سىنىلىدىكەن، ئاندىن ئوقۇغۇچىنىڭ مۇستەقىل ئىجادىيىتىدىن ئىمتىھان ئېلىنىدىكەن، ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سالىدىكەن. ئىمتىھان نەتىجىسىنى باھالاشقا ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى سىېرك ئۆمەكلىرىنىڭ ئىجاتچىلىرى تەكلىپ قىلىنىدىكەن، مەكتەپ ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان ئوغۇل - قىزلارنى تاللاپ، «سىېرك ئۆمەكلىرىنىڭ دۇنياۋى كۆرىكى»دە ماھارەت كۆرسىتىشكە قاتناشتۇرىدىكەن، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەزىلكەشلىك كەسپىگە قەدەم قويۇشىدىكى تۇنجى پۇرسەت ئىكەن. (6)

(ئارمان رەتلىگەن)

# دۇنياغا نەزەر



# ياشلارنىڭ ئۆزىنى بىلىشى توغرىسىدا



كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى بىلىشى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا يېتىلىدۇ. لېكىن ياشلىق مەزگىلىدىن باشلاپ ئۆزىنى بىلىشى تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا يېڭى بىر باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئۆزىدىكى ھېسسىيات، چۈشەنچە ۋە ئۆزىگە بولغان مۇئامىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر ياسايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

1. مەن چوڭ ئادەم بولۇپ قالدىممۇ؟ قايسى تەرەپلىرىم چوڭ ئادەمگە، قايسى تەرەپلىرىم كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ؟ مانا بۇنداق ئىزدىنىش ئۇلاردا ئۆزىنىڭ چوڭ ئادەم بولۇپ قالغان-قالمىغانلىقى ھەققىدە، ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ.

2. مەن چىرايلىق بولۇپ ئۆستۈممۇ؟ مېنىڭ چىرايىم، قەددى-قامىتىم ۋە تەققى-تۇرقۇم گۈزەلمۇ-ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ ياشلاردا گۈزەللىككە بولغان ئىزدىنىش بولۇپ، بۇنداق ئىزلىنىش ئۇلاردا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ياكى سەتلىكى ھەققىدە ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ.

3. مەن ئەقىللىقمۇ؟ مەندە قانداق قابىلىيەت ۋە ئارتۇقچىلىق بار؟ مانا بۇلار ياشلاردىكى ئەقلىي، ئىقتىدارى ۋە ئارتۇقچىلىقى ھەققىدىكى ئىزلىنىش بولۇپ، بۇنداق ئىزلىنىش ئۇلاردا ئۆزىنىڭ ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ.

4. مېنىڭ خاراكتېرىم ياكى مىجەزىم قانداق؟ مىجەزىم يېقىملىقمۇ ياكى مەن چۈس مىجەزلىك ئادەممۇ؟ قاتارلىقلار. بۇنداق ئىزلىنىش ئۇلاردا ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ.

5. مەن بىر ياخشى بالا (ياكى قىز)، ياخشى ئوقۇغۇچى، ياخشى ياش، ياخشى ئادەممۇ؟ مەن بەرھەققانىيەتچى ئالىيجاناب، ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە ئادەممۇ؟ مانا بۇلار كىشىلىك قەدرى-قىممەت ھەققىدىكى ئىزلىنىش بولۇپ، بۇنداق ئىزلىنىش ئۇلاردا كىشىلىك قەدرى-قىممەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت ھەققىدە ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ.

6. ئۆسمۈرلەر بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پىسخولوگىيەسىدىكى ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئىزلىنىدۇ. بۇنداق ئىزلىنىش ئۇلاردا ئۆزىنىڭ پىسخولوگىيەسى ھەققىدە ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ.

7. جەمئىيەتكە قارىتا ياشلاردا ئوخشاش بولمىغان تەلەپ ۋە باھا بولىدۇ. ئۆزىنىڭ قانداق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئىزدىنىش ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ روھىي قىياپىتى ھەققىدە ئۆزىنىڭ بىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ.

8. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئارقىلىق، ياشلار قەدەممۇ-قەدەم ئۆزىنىڭ



قايسى دۆلەتكە، قايسى مىللەتكە، قايسى سىنىپقا، قايسى تەبىقىگە ۋە قايسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتقا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، قايسى جەمئىيەت ياكى كوللېكتىپنىڭ ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قايسى مىللەت، قايسى سىنىپ ۋە قايسى تەشكىلاتنىڭ روھىي ھالەت-ئالاھىدىلىكىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىدۇ. بۇنداق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەئەللۇقلۇقى، ئىجتىمائىي ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىپىسى ھەققىدە ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ.

9. ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى ۋە ئابرويىغا نىسبەتەن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ. مەن جەمئىيەتكە ئېھتىياجلىقمۇ، جەمئىيەت ماڭا دىققەت-ئېتىبار بىلەن قاراۋاتامدۇ-يوق؟ مېنى باشقىلار ياخشى كۆرەمدۇ، ھۆرمەتلەمدۇ-يوق؟ بۇنداق ئىزلىنىش ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، جەمئىيەتتىكى ئابرويى ھەققىدە ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ.

10. ياشلار 18 - 20 ياشلارغا كىرگەن ۋاقىتلاردا، يەنى ياشلىق دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى ئالەم قانداق شەكىللەنگەن؟ ئالەمدە شەخس قانداق ئورۇندا تۇرىدۇ؟ كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە قىممىتى نېمە؟ مەن ئۆز تۇرمۇشۇمغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇنداق ئىزلىنىش ئۇلاردا ئۆزى بىلەن ئالەم ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ھەققىدە ئۆزىنى بىلىشتىن ئىبارەت بىر ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ياشلاردا مۇئەييەن دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك دۇنيا قاراش شەكىللىنىدۇ. (8)

## كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە

دۇنيادا قانچە ئادەم بولسا، كىشىلىك تۇرمۇش يولىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. ئەمما بەخت يولى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ — جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشتۇر.

*

تۇرمۇشنىڭ كاتتا زىياپەتلىرىدە ھەر بىر ئادەم ئۆز داستىخىنىغا تەييارلىغان نازۇ-نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ياراتقان بولىدۇ؛ باشقىلارنىڭ داستىخىنىغا كېلىپ تىلىنى تامشىتىپ ئولتۇرغان ئادەم تۇرمۇشنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ.

*

مەن دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرۈۋاتىمەن، ھايات كېمىسىنىڭ قاياققا بارىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، دېمەك، كىشىلىك تۇرمۇش دولقۇنى ئۆزلۈكسىز ھالدا ئالغا مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ھايات كېمىسىمۇ تەبىئىي ھالدا ئالدى تەرەپكە توغرىلىنىشى لازىم.

*

كىمكى كىشىلىك تۇرمۇشنى تاماشا قىلىدىكەن، شۇ كىشى ئازاب ۋە نادامەتنىڭ كولدۇرلىتىشىغا دۇچ كېلىدۇ.

*

ئىسلاھاتچىنىڭ قەدىمى كىشىنى قايىل قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇ قۇسۇر ئىزدىگۈچى ۋە گۇمانلانغۇچىلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك.

*

دۇنيادا پەقەت بىر خىل قايغۇ-ھەسرەت بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنى زايا قىلىۋېتىدىغانلار بار، مانا بۇ ئۆزلىرىنى قايغۇ ھەسرەتتە قالدۇرغانلىقتۇر.

(تۇرسۇن يۇسۇپ تەرجىمىسى)



# ئادەم بەدىنىدىكى سىرلىق ئوت

ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيۈشى، بەدەن سىرتقى مەنبەسى بىلەن ئۇچراشمىغان شارائىت ئاستىدا، ئىچكى قىسمىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن كۆيۈش ھادىسىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ. 1973 - يىلى، بەدەننىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيۈش ھادىسىسىگە دائىر مۇنداق بىر ۋەقە خاتىرىلەنگەن: بىر بەختسىز پارىژلىق ئۇدا ئۈچ يىل ھاراقنى بولۇشىغا ئىچكەن، بىر قېتىم، ئۇ پاخال تۆشەكنىڭ ئۈستىدە ياتقاندا، ھەش - پەش دېگىچە كۈلگە ئايلىنىپ قالغان، پەقەت ئۇنىڭ باش سۆڭىكى ۋە قول بارماقلىرىنىڭ سۆڭەكلا قالغان، لېكىن ئۇنىڭ ئاستىدىكى پاخالنىڭ بىر تېلىمۇ زىيانغا ئۇچرىمىغان.

ئەمەلىيەتتە — تۆت ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان 200 قېتىمدىن ئارتۇق يۈز بەرگەن بەدەننىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيۈش ھادىسىسى ئىچىدە، ئاپەتكە ئۇچرىغۇچى ئەر - ئاياللارنىڭ سانى يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. ئاياللارنىڭ سانى بولسا سەل كۆپرەك، ئۇلارنىڭ يېشى پەرقلىق بولۇپ، ئەڭ چوڭلىرى 114 ياش، ئەڭ كىچىكلىرى ئاران تۆت ئايلىق، بۇنىڭدىن سىرت، بۇ كىشىلەرنىڭ ئورۇق - سېمىزلىك دەرىجىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بەزى ۋەقەلەر يۈز بەرگەن چاغدا، ھەقىقەتەن سىرتقى ئوت مەنبەسى بار بولغان. بەدەننىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيۈشكە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەر بۇنىڭغا قاراپ بۇنى: «تەبىئىيلىكتىن تاشقىرى كۆيۈش» (سىرتتىن كەلگەن ئوت مەنبەسى كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆيۈش) دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئەمما ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئادەم بەدىنى سىرتقى ئوت مەنبەسى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن شىددەتلىك كۆيۈدىغانلىقى، ھەتتا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن، ئەمەلىيەتتە سىرتقى ئوت مەنبەسى، مەسىلەن: تاماكا، سەرەڭگە، ئوچاقتىن چىققان ئوت ئۇچقۇنى قاتارلىقلار بولمىغان شارائىت ئاستىدا، كىشىلەر سەيلى قىلغان، ماشىنا ھەيدىگەن، قېيىقتا ئۈزگەن، ھەتتا تانسا ئويناۋاتقان ۋاقىتتىمۇ، بەدەننىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيۈشى ئوخشاش يۈز بېرىدۇ.

ھازىر كىشىلەر بەدەننىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆيۈشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل چۈشەندۈرىدۇ. بەدەندە ئىسپىرت مىقدارى ھەددىدىن كۆپ بولۇپ كەتسە، ئاسان كۆيىدۇ؛ ئىسپىرت پارچىلانغان چاغدا ئاسان ئوت ئالىدىغان گازلارنى قويۇپ بېرىدۇ. بەدەندىكى ماي ھەددىدىن تاشقىرى ئارتىپ كەتكەندە بەدەن ئۆزلۈكىدىن كۆيىدۇ، «ئورگانىزمنىڭ ئاجرىتىشى» شەكىللەندۈرگەن ئاسان ئوت ئالغۇچى ماددىلارنىڭ توپلىنىپ قالغىنىدا، ئورگانىزمدا فوسفور ھەددىدىن تاشقىرى كۆپىيىپ كەتكەندە بەدەن ئۆزلۈكىدىن كۆيىدۇ؛ ۋاھاكازالار. لېكىن بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ھېچقايسى تېخى ئىسپاتلانغىنى يوق. بۇ ھادىسىگە قارىتا زامانىۋى پەن ئۇقۇمىغا ئۇيغۇن بولغان چۈشەنچىنى چىقىرىش ئۈچۈن يەنە ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.(5)

## مۆجىزاتلار دۇنياسى

ئالىملارنىڭ قارىشىچە چاچ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل كېسەلنى ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قىلالايدىكەن. شۇڭا چاچنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى ساقلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىڭ.

(1) سولياۋ تاغاق ۋە چاچ چوتكىسىنى ئىشلەتمەڭ، چۈنكى ئۇلاردىن ئاسانلا ئېلېكترلىق تەسىر پەيدا بولۇپ، چاچ ۋە باش تېرىسىنى غىدىقلايدۇ-دە، چاچقا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

(2) چاچنى پات-پات يۇيۇپ تۇرۇڭ.

(3) ياغسىزلاندۇرۇش رولى كۈچلۈك سوپۇن ۋە چاچ مېيىنى ئىشلەتمەڭ.

(4) تاماكا چەكمەڭ، تاماكا بەدەن ئىسسىقلىقىنى تۆۋەنلىتىپ، چاچنىڭ ئۆسۈشىنى نورمالسىزلاشتۇرىدۇ.

(5) ھاراق ئىچمەڭ.

(6) روھىي بېسىمنى تۈگىتىڭ، روھىي

## چاچ چۈشۈپ كېتىشنىڭ...

ھالەتنىڭ جىددىيلىكى بەدەن ئىزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، چاچنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

(7) چاچ قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىڭ، چاچ قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن چىققان ئىسسىق شامال تېرە ۋە چاچ توقۇلمىلىرىنى زەخىملەندۈرىدۇ.

(8) قەۋزىيەت بولۇشتىن ساقلىنىڭ، كۆكتات بىلەن ئوزۇقلىنىش كەم بولسا ئاسانلا قەۋزىيەت بولۇپ، قان بۇلغىنىپ چاچنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

(9) چاچ ئىسسىققا ياكى دىمىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا قىشمۇ-ياز بېشىغا تۇماق ياكى سالۋا كىيىۋالىدىغانلارنىڭ بېشىغا ھاۋا ئۆتۈشمەي ئاسانلا چاچ چۈشۈپ كېتىدۇ. يۇقارقىلارغا دىققەت قىلسىڭىز چاچ چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالالايسىز. (9)

(غەيرەت ھەسەن رەتلىگەن)

بەزى ياشلارنىڭ كۆزىدىن داۋاملىق ياش ئېقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ بۇ خىل كېسەل يېزا - قىشلاقلاردا ئىشلەيدىغانلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇ خىل كېسەل بىلەن ئاغرىغانلار كىشىلەر خىزمەت ئۆگىنىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا زور قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ.

كۆزدىن ياش ئېقىشنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللار بىر نەچچە تۈرلۈك بولۇپ، بىرسى قاتتىق خۇشاللىنىش، قايغۇرۇش، ئاچچىقلىنىش، غەم قىلىش، يەنە بىرى، كۆز ياللۇغى، مۈڭگۈز پەردە ياللۇغى، بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى، غەيرى ماددىلارنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كۆز بۇ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە يولۇققاندا كۆزنىڭ ياش پەردىلىرى كۆپىلىگەن ياش سۇيۇقلۇقىنى ئاج-

## كۆز نېمە ئۈچۈن ياشاڭغۇرايدۇ

رىتىپ چىقىرىدۇ. كۆز ياش يولى بىرلا ۋاقىتتا ئاجرىتىپ چىقارغان ياشنى يۆتكەپ بولالمايدۇ-دە، بىر قىسمى كۆز چاناقىدىن ئېقىپ چۈشىدۇ. يەنە بىر سەۋەبى، ياش يولى توسۇلۇپ قالغاندا، ياش بۇرۇن بوشلۇقىغا ئېقىپ كىرەلمەي، كۆزنىڭ سىرتىغا ئاقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ «ياشاڭغۇراش كېسەللىكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇڭلاشقا، كۆزدىن داۋاملىق ياش ئاقىدىغان ياشلار ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا كۆرۈنۈپ داۋالىنىشى كېرەك. كۆزدىن ياش ئېقىشى ئېغىرراق بولغانلىرى ئۆز ۋاقتىدا دورا ئىچىپ داۋالانغاندىن سىرت، يەنە ياش يوللىرىنى يۇيۇش، ئېچىش ياكى ياش خالتىسىنى بۇرۇن بوشلۇقىغا ئۇلاش ئوپېراتسىيىسىنى قىلدۇرۇش ئارقىلىق داۋالانسىمۇ بولىدۇ. (4)




ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئۇرغۇنلىغان دوستلىرى ئىچىدە، كارېل چولما ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ مۇنەۋۋەر كوممۇنىست بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەشھۇر خىمىيە ئالىمى ئىدى.

چولما 1834 - يىلى گېرمانىيىدە بىر ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇلار جەمئىي تۇققۇز بالا بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ چوڭى ئىدى. ئۇلار ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. چولما كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. بىراق، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئۆگىنىش يولى تولىمۇ تەكشىسىز بولىدۇ.

— كارېلغا بىرەر ئىش تېپىپ بەرگەن بولساق، — دەيدۇ چولمانىڭ دادىسى ئانىسىغا قاراپ، — قانداقلا بولمىسۇن ئائىلىمىزنىڭ يۈكى بىر ئاز يەڭگىللىگەن بولاتتى.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، بالا تېخى كىچىك، — دەيدۇ چولمانىڭ ئانىسى كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا.

— ئۇ ھازىر 11 ياشقا كىرىپ قالاي دېدى، ھامان ئۆزىنىڭ گېلىنى باقالايدۇ.

— يەنە ئىككى يىل تۇرۇپ تۇرايلى، ھازىر ئۇ بالا پۈتۈن زېھنى كۈچىنى ئۆگىنىشكە مەركەزلەشتۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنى ئوقۇشتىن توختىتىپ قالساق، ئۇ قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا زادىلا چىدىيالمايمەن، — ئۇ شۇ سۆزنى دەپ بولۇپلا كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكىدۇ.

— دادىسى ئانىسىنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنگەنلىكى ئۈچۈن، چولما ئاران ئىككى يېرىم يىل ئوقۇيالىغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىنىڭ ئاسانغا چۈشمىگەنلىكىنى بىلىپ يەتكەچكە، ئۇ تېخىمۇ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئۆگىنىدۇ. ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە، چولما تىل ئەدەبىيات، فىزىكا ۋە خىمىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى مەۋسۇمدە، ئۇ خىمىيە تەجرىبىسىگە قىزغىن كۆڭۈل قويۇپ، مەكتەپنىڭ تەجرىبىخانىسىدا دائىم تېخنىكا ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بىر قېتىم خىمىيە تەجرىبە دەرسىدە، يېڭى كەلگەن خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى:

— بۇ قېتىمقى دەرستە تەجرىبە قىلىدىغان مەزمۇن كۆپ ھەم بىر ئاز تەسرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ زېھنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەجرىبىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن. تەجرىبە دوكلاتىنى سىنىپتا يېزىش تەلەپ قىلىنمايدۇ، دەپ قايتا - قايتا تەكىتلەيدۇ.

تەجرىبىخانا تىمتاسلىققا چۆككەن ئىدى، پەقەت تەجرىبە سايمانلىرىنىڭ ئۆزئارا يېنىك تەگكەن ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەرستىن چۈشۈشكە يەنە 15 مىنۇت قالغان ئىدى، چولما ئۆزىنىڭ تەجرىبە دوكلاتىنى ئېلىپ مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا بارىدۇ-دە، ئەدەب بىلەن:

— مۇئەللىم، بۇنى ھازىر تاپشۇرسام بولامدۇ؟ — دەيدۇ.

— مۇئەللىم ئەجەبلەنگەن ھالدا دوكلاتىنى

## يىللار ۋە ئادەملەر

قولىغا ئېلىپ قاراپلا، خەتلىرى راۋرۇس، ئېنىق، دوكلاتىنىڭ ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. مۇئەللىم رازى بولغان ھالدا:

— سەن چولما بولامسەن؟ مەن مەكتەپكە كېلىپلا سېنىڭ خىمىيىنى ناھايىتى ياخشى ئوقۇغانلىقىڭنى، نەتىجەڭنىڭمۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. سەن خىمىيىنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەيدۇ.

— شۇنداق، — چولما بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدۇ.

— چولما خىمىيە ئۆگىنىشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكتىن ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئۇنى بۇ جەھەتتە يەنە داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇش ئىستىقبالى بار دەپ قارىشاتتى.

لېكىن، ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، ئۇ يەنە بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ئىدى. دادىسى يەنىلا ئۇنىڭ بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ نان تېپىپ يېيىشىدە چىڭ تۇراتتى. بۇ چولماغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش ئىدى، ئۇ خىمىيە كەسپىدىن زادى قول ئۈزگىسى كەلمەي، خىمىيە كەسپىگە ئەڭ يېقىن بولغان دورا ياساش كەسپىنى تاللايدۇ. ئۇ دورا ياساش كەسپىدىمۇ ئۆگىنىلىدىغان خىمىيە بىلىملىرى بار، بۇرۇنقىدەكلا خىمىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتى.

بىلىم ئىزدەنگۈچى ھەرقانداق جايدا بىلىم ئالالايدۇ. دورىخانىدا شاگىرت بولۇش ناھايىتى ئالدىراش بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن چولما ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشتا ئىنتايىن ماھىر بولغاچقا بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ تولۇق پايدىلىناتتى. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنكى خىزمەتتىن بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب كۆرەتتى. ھەتتا ئۇ دورىخانىدىكى بەزى پايدىلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ بەزىبىر تەجرىبىلەرنىمۇ ئىشلەپ بارغان ئىدى. ئۇستازلىرى ئۇنىڭ بىلىمگە بولغان ئىشتىياقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرەتتى. ئۇ ئاخشاملىرى ئاتاغلىق خىمىيە ئالىمى روبېرتنىڭ لېكسىيىلىرىنى سىرتتىن قاتنىشىپ ئاڭلايتتى. بۇ كېيىنچە ئۇنىڭ خىمىيە تەتقىقاتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئاساس بولۇپ قالغان ئىدى.

1859 - يىلى، ئۇنىڭ 25 ياشقا كىرگەن، دورىخانىدىكى خىزمىتىمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتقان بىر يىل ئىدى. ئۇ تاماق ۋە مۇئاش پۇللىرىنى ئاز-ئازدىن تېجەپ، كىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە پاكولتېتىدا بىر مەزگىل ئوقۇيدۇ. كېيىن ئۇ ئەنگلىيىنىڭ مانچېستېر شەھىرىگە بېرىپ، بىر پروفېسسورغا ياردەمچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقاتچىلىق ھاياتىنى باشلىۋېتىدۇ.

چولما ماي بىرىكمىلىرىنىڭ خىمىيىلىك سىستېمىسىغا ئاساس سالغۇچى ئىدى. ماي بىرىكمىلىرى بىلەن ھەپىلىشىش ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ قوللىرى ۋە يۈزلىرىدىن ھەر دائىم قان ئىزلىرى ۋە يارىلار ئاجرىمايتتى. بەزىدە كونا يارىلىرى ساقايماي تۇرۇپ يېڭى يارىلار پەيدا بولاتتى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭ بىلەن قىلچە چاتىقى بولماي، قايتا - قايتا سىناق ئىشلەپ بېرىشتا چىڭ تۇراتتى. 1862 - يىلدىن 1863 - يىلغىچە، ئۇ بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، تاشكۆمۈر يېغى ۋە نېفىت ھورى ئۇيۇشمىسى ئىچىدىن يېڭى بىرىكمىلەرنى بايقىغانلىقىنى جاكالاپ، ماي بىرىكمىلىرى سىستېمىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. كېيىنكى 15 يىلدا، چولما ماي بىرىكمىلىرىگە ئائىت 60 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى باشلىنىشچانلىققا ئىگە ماقالىلار ئىدى. ئېنگېلس ئۇنىڭ ھاياتىدىن خۇلاسە چىقارغان چاغدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى:

— بۇ دوست، مۇنەۋۋەر كوممۇنىست بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇنەۋۋەر خىمىيە ئالىمى، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىدىكى ئورگانىك خىمىيىگە ئاساس سالغۇچى، بۇ چولمانىڭ ھاياتىغا بېرىلگەن ئەڭ توغرا باھا ئىدى. (8)




ئېلېكترونلۇق مېڭە ئادەم مېڭىسىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. كېسەل داۋالاتماقچى بولسىڭىز، ئېلېكترونلۇق مېڭىنى تەكلىپ قىلسىڭىزلا ئۇ داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆي سالماقچى بولسىڭىز، ئېلېكترونلۇق مېڭە تەلىپىڭىز بويىچە سىزگە يېڭى بىر ئۆينى لايىھەلەپ بېرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى ئائىلىلەر ئىشلىتىدىغان ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېلېكترونلۇق مېڭە ئورنىتىلغان بولىدۇ. سىرتتا تۇرۇپ تېلېفون بېرىپ قويسىڭىزلا دوخوپكا سىزگە ھەرخىل نەرسىلەرنى پىشۇرۇپ قويىدۇ. تېلېفون ئارقىلىق ئۇختۇرۇپ قويسىڭىزلا، تېلېۋىزور سىز كۆرمەكچى بولغان تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى تەييارلاپ قويىدۇ.

ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى كىشىنى چۆچۈتىدىغان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئالىملار ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق دېزوكسىرىبوزا نۇكلېئىك كىسلاتاسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. (ھاياتلىق ئىرسىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئورگانىك ماددا) شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئېگىز دەرەخلەرنى، مەھسۇلات مىقدارى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان دانلىق زىرائەتلەرنى، ساندۇققا ئاسان قاچىلىغىلى بولىدىغان چاسا شەكىللىك پەمىدورلارنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. كالىلارنىمۇ خۇددى يىلقا ئوخشاش بوغۇناتقىلى، ئۇنىڭ سۈت مىقدارىنى ئاستا - ئاستا 40% ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

شەخسلەرنىڭ ئالەم بوشلۇقى زاۋۇتلىرى بارلىققا كېلىدۇ. 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئىنى-سانلار نەچچە ئون مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئالەم بوشلۇقىدا مەڭگۈ تۇرالايدىغان بېكەتلەرنى قۇرۇپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق يەر شارىدا يۈز بېرىدىغان تەبىئىي ئاپەتلەردىن ئالدىن مەلۇمات ئالالايدۇ. مىدىتسىنا قاتارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارالايدۇ. (21- ئەسىرگە بارغاندا، شەخسى كارخانىلار ئالەم بوشلۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان نوكا ماشىنىلىرىنى قۇرۇپ بېرىپ، زاۋۇتلارنى قۇرىدۇ. ھەرخىل دورىلارنى، ساقلىق قازانلارنى ياساپ چىقىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ياشاش ئۆمرى 110 ياشقا يېتىپ بارىدۇ. 2033- يىلغا بارغاندا، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىدە 40 ياش پەرق بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتلاردا كۆپ سانلىق كىشىلەر 110 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ. يات يېقىندا راكنى تەكشۈرۈپ چىقىدىغان دورىلار ۋە دىۋەگلىك كېسەللىنى داۋالايدىغان دورا قاتارلىقلار ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. 21- ئەسىردە، كىشىلەر قولىنىڭ بېشىغا كىچىك ئاپپارات تاقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقلىقنى ساقلىيالايدۇ. كېسەل پەيدا بولغان - بولمىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلەيدۇ، قىزىل قان تومۇرى توسۇلۇپ قالسا ئۆزى دورا ئارقىلىق داۋالىيالايدۇ، دوختۇرلار سۈنئىي قان تومۇر، يۈرەك، بۆرەكلەرنى كىشىلەرگە يۆتكەش ئوپېراتسىيىسىنى ئېلىپ بارالايدۇ. (8)





ن. ئابدۇكېرىم

كىشىلىك ھايات يولىدا مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن ئۇنىڭغا (ئەر) ياكى بۇنىڭغا (ئايال) يولۇقىشىڭىز تەبىئىي، ئېھتىمال سىلەر ناھايىتى تەسادىپىي پۇرسەتلەردە تونۇشۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. مەسىلەن، تانسا سورۇنلىرىدا، كەچكى كۇرستا، دوستلارنىڭ ئۆيىدە ياكى كوچىلاردا. ئەگەر سىز تەسادىپىي پۇرسەتلەردە قارشى تەرەپ بىلەن تونۇشۇپ قالغان بولسىڭىز، شۇنداقلا قارشى تەرەپنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلارغا دىققەت قىلىڭ.

1. قارشى تەرەپ بىلەن پاراڭ قىلىشقاندا، كىشىلەرنى كۈلدۈرەلەيدىغان قىزىق گەپلەرنى تاللاپ سۆزلەشكە ماھىر بولۇڭ. يۇمۇرلۇق گەپلەر بىلەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈڭ.

2. تولا ماختانماڭ، چۈنكى ماختانچاقلىق پەقەت كۆڭلىڭىزدىكى ئەندىشىنىڭ ئىپادىسى خالاس. ئۆزىڭىزگە ئىمكان قالدۇرۇپ، ئازراق مەخپىيەتلىكنى ساقلىغىنىڭىز تۈزۈك.

3. قورۇق گەپنى كۆپ قىلىشتىن، خەقنىڭ زىتىغا تېگىدىغان مەسخىرىلىك سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىڭ، گەپ- سۆزلەردە ئەدەبلىك، خۇشخۇي بولۇڭ.

4. قارشى تەرەپكە ئانچە يېقىنلىشىپمۇ كەتمەي، ئانچە يىراقلىشىپمۇ كەتمەي نورمال ھېسسىياتتا بولۇڭ، ئەمما ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ.

5. قارشى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىسىڭىز، ئوچۇق-يورۇق سۆزلەۋېرىڭ، ئۇ زىيانلىق ئەمەس، بىراق ھەرگىزمۇ يالغان گەپ قىلماڭ.

6. ئۆزىڭىزنىڭ بىۋاسىتە سەزگەنلىرىڭىزنى مۇمكىن قەدەر قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈڭ، يۈرەك سۆزىڭىزنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىڭ. مەسىلەن: «گەرچە سىز بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمىز ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئەمما بۈگۈن سىز بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى ھېس قىلدىم» دېگەنگە ئوخشاش.

7. ئەگەر مۇۋاپىق گەپ- سۆز تاپالماي قالسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى جىم بولۇۋېلىڭ.

8. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ مىجەزى جىمغۇر، ئېغىر بېسىق ۋە تەمكىن بولسا، قارشى تەرەپنى قىزىقتۇرىدىغان، كۈلدۈرىدىغان گەپلەرنى تېپىپ سۆزلەڭ.

9. قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، سىز قارشى تەرەپ بىلەن بىرەر مۇناسىۋەت ئورنىتالمىسىڭىزمۇ، ئەمما ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمايسىز، ھەرگىزمۇ بۇ ئىش تۈپەيلىدىن مەيۈسلەنمەڭ. سىز كىشىلىك ھايات يولىدا داۋاملىق تىرىشىپ ئىزدەنسىڭىز يەنە كۆپ قېتىم ياكى ئۇنىڭ (ئەر) بىلەن ياكى بۇنىڭ (ئايال) بىلەن يولۇقۇپ قېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىسىز. (5)






يارىشىملىق ۋە چىرايلىق كىيىنىش كىشىگە ھۆسن بېغىشلاپلا قالماستىن، بەلكى شۇ كىشىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ئەخلاقىي ۋە ئالىي تەربىيىسىنى ئىپادىلەشتىمۇ مەلۇم رول ئوينايدۇ.

كىيىمنىڭ رەڭگى، پوسۇنى شۇ كىشىنىڭ رەڭگى ۋە ئىسكەتى بىلەن ماسلاشقاندىلا، ئاندىن چىرايلىق، يارىشىملىق كىيىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ تېرىسى ئۆزىگە خاس رەڭ ئالغان بولىدۇ. بەدەن، كۆز ۋە چاچنىڭ رەڭگى كىيگەن كىيىمنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بەزى كىيىملەرنىڭ رەڭگى تېرىنى ھال، قىزغۇچ، ئاق ۋە ئادەمنى روھلۇق، كۆزنى نۇرلۇق كۆرسەتسە، بەزى كىيىملەرنىڭ رەڭگى تېرىنى ساغۇچ، قوڭۇر، قارامتۇل كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئادەمنى روھسىز، كۆزنى نۇرسىز كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كىيىملەرنىڭ رەڭگىنى ئۆز تېرىسىنىڭ رەڭگىگە ماس كەلتۈرۈپ تاللاش لازىم، يەنى تېرىسى ساغۇچ ياكى قوڭۇرراق كەلگەن كىشىلەر كۆك ۋە سۆسۈن رەڭلىك كىيىملەرنى، تېرىسى تۇتۇق كەلگەن كىشىلەر قارامتۇل سۆسۈن ياكى توق قوڭۇر رەڭلىك كىيىملەرنى كىيمىگىنى ياخشى.

ئادەتتە، ئاق ياكى سۇس رەڭدىكى ئۇششاق گۈللۈك، يوللۇق كىيىملەر نۇر قايتۇرىدىغان بولغاچقا، بۇنداق كىيىملەرنى كىيگەنلىكى ئادەم چىرايلىق، ئېتىك كۆرۈنىدۇ. قارا رەڭ نۇرنى ۋە رەڭنى سۈمۈرىدىغان بولغاچقا تېرىدىكى رەڭنى سۈمۈرۈپ، كىشىنى تېخىمۇ ئاق كۆرسىتىدۇ. شۇڭا تېرىسى ئاقۇش ئادەملەرگە قارا رەڭلىك كىيىم يارىشىدۇ. تېرىسى سېرىق كەلگەن ئادەملەر سۇس ھال رەڭ ياكى تېگى ئاق قىزىل گۈللۈك، تېگى ئاق قىزىل چاقماقلىق كىيىملەرنى كىيسە، تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

كىيىمنى يارىشىملىق قىلىپ كىيىشتە ئىسكەت بىلەن رەڭنىڭ ماسلىشىشىمۇ زور رول ئوينايدۇ. ئادەتتە ئۇستىخىنى قوپالراق ياشلارنى كىيىمنىڭ رەڭگى بىلەن ئىسكەتلىك قىلىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن: قىزىل، سېرىق رەڭلەر جىسىملارنىڭ ھەجىمىنى كېڭەيتىپ كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، بۇنداق رەڭلەردىكى رەختلەردىن كىيىم كىيگەن ياشلار سېمىز ۋە ئېگىز كۆرۈنىدۇ. توق يېشىل سۆسۈن ۋە توق كۆك قاتارلىق خىرە رەڭلەر رەڭنى سۈمۈرۈش، جىسىملارنىڭ ھەجىمىنى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، بۇنداق رەختتىن كىيىم كىيگەن ياشلار پاكار ۋە ئورۇق كۆرۈنىدۇ. بويى پاكار ياشلار كۆلرەڭ رەختە تىكىلگەن كىيىم بىلەن ئوچۇق رەڭلىك باش كىيىمنى ماسلاشتۇرۇپ كىيسە، ئېگىز كۆرۈنىدۇ. بويى كىچىك ياشلار ئوچۇق رەڭلىك، چاقماقلىق ۋە توغرا يوللۇق كىيىملەرنى كىيسە، سېمىز، قاۋۇل كۆرۈنىدۇ.

بويى بەك ئېگىز ياشلار قېنىق رەڭلىك ياكى سىدام رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيسە، تەمكىن، سالاپەتلىك، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. (5)



# جەنۇبىي قۇتۇپ خەرىتىسىدىكى سىر

يېقىندا ئامېرىكا جۇغراپىيە ئالىمى ج. ۋىخاۋچۇت فرانسىيىلىك ماتېماتىك، فورتىران ئادانىنىس ۋان 1531 - يىلى سىزغان بىر پارچە دۇنيا خەرىتىسىنى تەتقىق قىلىۋېتىپ ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر ئەھۋالنى بايقىغان. 400 يىل بۇرۇن سىزىلغان بۇ دۇنيا خەرىتىسىدە جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئومۇمىي دائىرە سىزىقى هازىرقى دۇنيا خەرىتىسى بىلەن پەرقسىز دېگۈدەك بولۇپ، بۇنىڭغا ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جەنۇبىي قۇتۇپ چوڭ قۇرۇقلۇقىنى 1820- يىلى روسىيە دېڭىزچىلىرى ئەڭ بۇرۇن تاپقان، ئۇنى تەپسىلىي ئۆلچەش ۋە تەتقىق قىلىش، يېقىنقى زامانغا كەلگەندىلا باشلانغان. ئۇنداق بولسا، 16- ئەسىردە ياشىغان ئادەم جەنۇبىي قۇتۇپ چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەھۋالىنى قانداق بىلگەندۇ؟ بەزىلەر خەرىتە تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا گۇمانلانغىلى بولمايدۇ، ئادانىنىس ۋان ئېھتىمال جەنۇبىي قۇتۇپنى خەرىتىگە خىيالەن سىزىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ شەكلى بىلەن ئەمەلىيىتىنىڭ شۇنچىۋالا ئوخشىشىپ كېتىشى بەلكىم تاساددىپىي توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن بولسا كېرەك، دەپ قارىغان. ج. ۋىخاۋچۇت مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە قوشۇلماي: ئادانىنىس ۋان ئەگەر جەنۇبىي قۇتۇپنى خىيالەن سىزىپ قويغان بولسا، ئۇ هالدا ئۇ قانداقسىگە شۇنداق توغرا پەرەز قىلالايدۇ؟ جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ شەرقىي يېرىم شار قىسمىنى چوڭ، غەربىي يېرىم شار قىسمىنى كىچىك قىلىپ سىزىدۇ؟ ئۇ يەنە قانداقسىگە چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى تاغ - جىرالارنى خۇددى بۈگۈنكى كۈندە بىز تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندەكلا سىزىپ چىقىدۇ؟ دەپ قايتۇرۇپ سوئال قويغان.

ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغىنى شۇنچە توغرا، تەپسىلىي بولغان جەنۇبىي قۇتۇپ خەرىتىسىدە روس قۇرۇقلۇقىنىڭ چۆرىسىدىكى مۇزلۇقنىڭ يوقلۇقىدۇر. بۇ بىر پارچە چوڭ مۇزلۇق روس دېڭىزىنىڭ يېرىمىنى قاپلاپ تۇرىدىغانلىقى، مۇزنىڭ بەزى جايلاردىكى قېلىنلىقى 700 مېتىرغا يېتىدىغانلىقى بەرگە ئايان. شۇنچە چوڭ بىر پارچە مۇزلۇق، 1531- يىلى بار بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ شۇنچىلىك چوڭلۇقتا توڭلىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 1000 يىلدىن 1500 يىلغىچە ۋاقىت لازىم بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر ئادانىنىس ۋان جەنۇبىي قۇتۇپ خەرىتىسىنى سىزغان چاغدا، بۇ بىر پارچە مۇزلۇق يوق بولغان بولسا، بۈگۈنمۇ مەۋجۇت بولمىغان ياكى كۆلىمى كىچىكرەك بولغان بولاتتى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا، غايەت زور بۇ روس قۇرۇقلۇقىنىڭ چۆرىسىدىكى مۇزلۇق شۇ چاغدىمۇ بار ئىدى. شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن مۇنداق ئىككى خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىن: بىرى بۇ خەرىتىدىكى جەنۇبىي قۇتۇپ ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇرەن سىزىلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرى، بەزىلەرنىڭ ئۇزاق قەدىمقىي زاماندىن بىرى تارقاتقان، بىز تېخى هازىرغىچە بىلمەگەن ماتېرىياللار ياكى رەسىملەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ سىزغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇنىڭدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇرۇنقى ئەشۇ ئۇزاق مىس قوراللار دەۋرىدە كىم ۋە قانداق ئۇسۇل بىلەن جەنۇبىي قۇتۇپقا بارغان؟ دېگەن يەنە بىر گۇمان تۇغۇلماي قالمايدۇ. (5)

## مۆجىزىلەر دۇنياسى

## يەر شارى ئۆزگەرمەكتە

تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە: ئوكيانلارنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى كېڭىيىش ھەرىكىتى يەر مەركىزىنىڭ زىچلىقىنى كىچىكلەتكەن، بۇنىڭ بىلەن يەر شارىنىڭ ھەجمى بارغانسېرى چوڭىيىپ ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىش سۈرئىتى تۆۋەنلىگەن. ھەر يىلى ئالەم بوشلۇقىدىن تەخمىنەن 40 مىڭ توننا چاڭ - توزان يەر شارىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ يەر شارىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرغان. بۇ بەلكىم ھاۋا كېلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىۋېرىپ يەر شارى بارغانسېرى ئىسسىپ كەتكەن، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە يەر شارى نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىسسىپ كېتىشى، دېڭىز سۈيى ئۆرلەپ كېتىشى مۇمكىن. (9)

## تېلېفونسىز تېلېفونخانا

يېقىندا فرانسىيە پۈتۈن مەملىكەتلىك خەۋەرلىشىش ئەسۋابلىرى تەتقىق قىلىش مەركىزى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىر خىل تېلېفونسىز تېلېفونخانىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. بۇ خىل ئالاھىدە تېلېفونخانىدا ئادەتتىكى بىز ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تېلېفون يوق بولۇپ، ئۇ ئىشلەتكۈچىنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ. تېلېفون ئىشلەتكۈچىلەر پەقەت ئېغىز ئارقىلىق ئېھتىياجلىق بولغان تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەرسىلا ئالدىدىكى ئېكراندا كۆرۈنىدۇ. ئاندىن كېيىن تېلېفون بەرگۈچىلەر بىر ئېغىز «بۇ تېلېفون نومۇرى توغرا» دەۋەتسە تېلېفون ئۆزلۈكىدىن ئۇلىنىپ، ئىككى تەرەپ بىمالال سۆزلىشەلەيدۇ، بۇ خىل يېڭى تىپتىكى تېلېفون قۇرۇلمىسى مېيىپلارنىڭمۇ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. (9)

## گېزىتتىكى ئەڭ ...

دۇنيادىكى تارىختىكى ئەڭ ئۇزۇن بولغان سوداگېزىتى گوللاندىيىنىڭ «ھارلېم گېزىتى» بولۇپ، 1656-يىل 1-ئاينىڭ 8-كۈنى بىرىنچى سانى نەشر قىلىنغان، بۇ سان بۈگۈنگىچە يەنىلا ناھايىتى ياخشى ساقلانماقتا.

△ بۈگۈنگىچە دۇنيادا ئەڭ ئېغىر گېزىت 1965-يىل 10-ئاينىڭ 17-كۈنى نەشردىن چىققان «نيۇ - يورك ۋاقتى گېزىتى» ھەپتىلىك نەشرى بولۇپ، ئېغىرلىقى 3.40 كىلوگرام.

△ دۇنيادا تىرازى ئەڭ كۆپ گېزىت 1859-يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى ئامېرىكىدا نەشردىن چىققان «يۇلتۇز گېزىتى».

△ دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك گېزىت ئامېرىكا ئورېگون شتاتىدىكى «بايراق گېزىتى» بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9.6 سانتىمېتر، كەڭلىكى 7.6 سانتىمېتر كېلىدۇ. (9)

## 90- يىللاردىكى تېلېۋىزورلار

بىلەمسىز، ئون يىلدىن كېيىن، ئائىلىلەردە 30 نەچچە قاناللىق، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان تېلېۋىزورلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل تېلېۋىزورنىڭ ئېلېكتر دولقۇن ئۇچۇرى يەر شارى بىلەن بولغان ئارىلىقى 36 مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان ئالەم بوشلۇقىدىن تارقىتىلىدۇ. ئېلېكتر دولقۇنىنى تارقاتقۇچى مۇھەسسە دىئامېترى 100 مېتر كېلىدىغان بىر دانە كۈنلۈك ھالەت ئانتېننىسىدىن ئىبارەت.

رىمدىكى يۇمىلاق شەكىللىك ماھارەت مەيدانىنىڭ ئۈستىنى تامامەن دېگۈدەك يېپىپ تۇرىدىغان بۇ «يوغان جىسىم» يىل بويى بوشلۇقتا داۋالغۇپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىدۇ. (5)

## يوپۇرماقنىڭ دۈمبىسى؟

كۆز پەسلىدە تۆكۈلگەن يوپۇرماقلارنى كۆزەتسەك يۈزى يەرگە، كەينى تەرىپىنىڭ ئاسمانغا قاراپ چۈشكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇنىمە ئۈچۈن؟ ئەسلىدە يوپۇرماقنىڭ يۈز تېرىلىرىنىڭ ئاستى رېتىملىق تىزىلغان قورۇلمىسى زىچ ھۈجەيرىلەر قاتلىمىدىن تەشكىللەنگەن، يوپۇرماقلارنىڭ ئارقا تەرىپى شالاڭ ھۈجەيرىلەر قاتلىمىدىن تۈزۈلگەن. بۇ ئىككى خىل قورۇلمىسى ئوخشاشمايدىغان ھۈجەيرىلەر قاتلىمى ئوخشاش بىر دەرەخ يوپۇرمىقىنىڭ «ئارقىسى» ۋە «يۈزى»دە ئوخشىمايدىغان ئېغىرلىق سېلىشتۇرمىسىنى شەكىللەندۈرگەن، دەرەخ يوپۇرماقلىرى لەيلەپ چۈشكەن ۋاقىتتا تەبىئىي ھالدا قورۇلمىسى زىچ، ئېغىر بولغان بىر تەرىپى ئالدى بىلەن يەرگە چۈشىدۇ. شۇڭا يوپۇرماقلارنىڭ يۈزى يەرگە، دۈمبىسى ئاسمانغا قارايدۇ. (9)

## كۈنلۈكى بىر قاپ تاماكۇ چەكمىگىز

بىر تال تاماكىنى 7 سانتىمېتىر دەپ ھېسابلىساق بىر قاپتىكى 20 تال تاماكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1·40 سانتىمېتىر بولىدۇ. بىر ئايدا چېكىلىدىغان تاماكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 42 مېتىر بولىدۇ. بىر يىلدا 500 مېتىر بولىدۇ. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، 40 يىلدا 20 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاماكا چېكىلىدۇ. ئەگەر بۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھېسابلىغاندا ھەر كۈنى بىر قاپ تاماكا چەكسىڭىز بۇ بىر قاپ تاماكىنىڭ باھاسى 35 فۇڭدىن بولغاندا 40 يىلدا تاماكا ئۈچۈنلا 5000 يۈەن سەرپ قىلىنىدۇ. تاماكا تەركىبىدىكى نىكوتىننىڭ بەدەنگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىمىسەكمۇ، ئېلان قىلىنىۋاتقان نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق پەرەز قىلىۋالىسىڭىز بولىدۇ. (5)

## ئولىمپىك يىغىنى مېدالىنىڭ قىممىتى

ئولىمپىك كومىتېتىدىكى ئەربابلارنىڭ ئېيتىشىچە ئالتۇن، كۈمۈش مېداللارنىڭ ساپلىق نىسبىتى مىڭدە 920 دىن يۇقىرى كۈمۈشتىن ياسىلىپلا قالماي بەلكى ئالتۇن مېدالنىڭ ساپ ئالتۇن نىسبىتى 6 گرامدىن يۇقىرى بولۇش بەلگىلەنگەن، 1984- يىلدىكى لوس - ئانژېلېس ئولىمپىك يىغىنىدىكى ئالتۇن مېدالنىڭ ساپ ئالتۇن نىسبىتى 6·5 گرامغا، ئېغىرلىقى 124·4 گرامغا يەتكەن. ھەر بىر ئالتۇن مېدالنىڭ قۇيۇپ ياسىلىش تەننەرقى 500 ئامېرىكا دوللىرى چامىسىدا بولغان. ئولىمپىك يىغىنىنىڭ ئالتۇن مېدالىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭدىكى ساپ ئالتۇن نىسبىتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتىنى مۆلچەرلەش ناھايىتى قىيىن. (5)

## قوم شېكەر بىلەن جاراھەت داۋالاش

ئامېرىكىدا بىر تاشقى كېسەللەر دوختۇرى 3000 ئاغرىقنى قوم شېكەر بىلەن داۋالىغان. جاراھەتنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى پەقەت 1·5 پىرسەنتلا بولغان، ئادەتتىكى تېڭىق ماتېرىياللىرى ئارقىلىق جاراھەتنى داۋالىغاندا، جاراھەتنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 6 پىرسەنتكە يەتكەن. بۇ دوختۇر ھەر قانداق جاراھەتنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن داۋالىغىلى بولىدىكەن دەپ قارىغان. شېكەرنىڭ جاراھەتنى ساقايتالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، شېكەر جاراھەت ئۈستىدىكى سۇ تەركىبىنى سۈمۈرۈۋالغاچقا، باكتېرىيە سۇسىزلىقتىن ئۆلىدىكەن. شېكەر يەنە كېلىپ ئاققان دانچىلىرىنى جاراھەت بولغان ئورۇنغا تارتىپ كېلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن جاراھەتنىڭ كېسەللىكتىن ساقىيىش كۈچى ئاشىدىكەن. (4)

# قانداق قىلغاندا بىئاراملىقنى يەڭگىللى بولىدۇ

ئېھتىمال سىز بەزى كۈنلىرى تۇيۇقسىز ئەچچىقلىنەرلىك ھالدا روھىي ئەزتىراپقا چۈشۈپ، زېرىكىش، غەمكىنلىك ئىچىدە ناھايىتى بىئارام بولىدىغانسىز.

بۇنداق چاغلاردا سىز بەك ھەسرەت چەكمەي، تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك چارىنى سىناپ بېقىڭ. ئۇ سىزنىڭ يۇقارقىدەك كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تۈگىتىشىڭىزگە ياكى بىئاراملىقنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ يېڭىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

1. بىر جەدۋەل تۈزۈپ، سىزنى خۇشال قىلغان بارلىق ئىشلارنى خاتىرىلەپ قويۇڭ.

2. ئەگەر سىز ئادەتتە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن بولسىڭىز، بىئارام بولغان كۈنلىرى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ ياخشىراقىنى تاللاپ كۆرۈڭ.

3. كۆپرەك پۇل خەجلەشكە توغرا كەلسىمۇ، ئۇزۇندىن بۇيان ئالىمەن دەپ يۈرگەن نەرسىڭىزنى جەزمەن سېتىۋېلىڭ.

4. باغچىغا بېرىپ سەيلە قىلىڭ، ياكى بولمىسا بارمىغان بىر جايغا بېرىڭ، يول بويى قانچىلىك گۈزەل شەيئىلەرنى كۆزىتەلەيدىغانلىقىڭىزنى سىناپ كۆرۈڭ.

5. تەركىبىدە ۋىتامىن B كۆپ بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىڭ، تەركىبىدە قەنت ياكى تۇز ماددىسى كۆپ يېمەكلىكلەرنى ئىمكان قەدەر ئاز ئىستېمال قىلىڭ، چۈنكى تەركىبىدە ۋىتامىن B كۆپ بولغان يېمەكلىكلەر (دانلىق زىرائەت، مېۋە-چېۋە، كۆكتات ۋە گۆش قاتارلىقلار) نىڭ ھەممىسى ئالاھىدە تىنچلاندۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، تازىلاپ چېكك-لەنگەن قەنت - شېكەرلەر مۇرەككەپ ۋىتامىن B نىڭ سەرپىياتىنى ئاشۇرۇپ، قاندىكى شېكەر تەركىبىنىڭ نورماللىقىنى بۇزۇۋېتىدۇ ھەمدە ئادەمنى ئاسان ھاياجانلاندۇرىدۇ، تۇز ماددىسى بولسا، نېرۋىنىڭ قوزغىلىشچانلىقىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

6. شۇ كۈندىكى خىزمەت جەريانىدا ئۆزىڭىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى دەپ ھېسابلىغان ئىشلاردىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىڭ.

7. يېڭىدىن بىر تەشتەك **گۈل** ياكى بىر دەستە گۈل سېتىۋېلىڭ.

8. مۇھىتىڭىز تازا ۋە رەتلىك بولسۇن، ئۆز قولىڭىز بىلەن تارتما، ئىشكاپ، تومپىشكىلارنى رەتلەپ قويۇڭ، ئەلبۇم كۆرۈپ بۇرۇنقى خۇشال كۈنلىرىڭىزنى ئەسلەڭ.

9. نامىڭىز چىقمىسىمۇ مەيلى، خالىس ھالدا بىرەر ياخشى ئىش قىلىڭ.

10. ئۆز ۋاقتىدا سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا ئالاھىدە ياردەم بەرگەن ھەم تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ خەت يېزىڭ.

11. ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشمىگەن دوستىڭىزنى يوقلاڭ.

12. كېلىشەلمەي كېلىۋاتقان قەدىناس دوستىڭىز بىلەن يارىشىپ قېلىڭ.

13. كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا خۇشخۇي مۇئامىلىدە بولۇڭ. بۇلار سىزنىڭ روھىي كەيپىياتىڭىزنى ياخشىلاشقا پايدىلىق.

## كىچىكشىلىك ئىش بۇزۇلماس



# سېرىق دېڭىز ساھىلىدىكى ئېسىل پورت — يەنتەي

يەنتەي شەندۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دالىيەن بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئېسىل پورت ۋە مۇھىم بېلىقچىلىق بازىسى. ئاھالىسى 3 مىليون 100 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر رايونى ئاھالىسى 700 مىڭغا يېقىن.

يەنتەينىڭ ئۈچ تەرىپى دېڭىزغا، بىر تەرىپى قۇرۇقلۇققا تۇتىشىدۇ. قۇرۇقلۇق ۋە سۇ قاتنىشى بەك تەرەققىي تاپقان. تۆمۈر يول بۇ يەردىن بېيجىڭ، جىنەن، چىڭداۋلارغا بارىدۇ. يەنتەي پورتىدا پاراخوت توختاش ئورنىدىن 15ى بار، يىللىق يۈك كىرگۈزۈش-چىقىرىش مىقدارى 5 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. پورتنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى توققۇز چوڭ پورت بىلەنلا ئەمەس، ئامېرىكا، فرانسىيە، چاۋشيەن، ياپونىيە قاتارلىق بىر نەچچە 10 دۆلەت ۋە رايوندىكى 100 نەچچە پورت بىلەنمۇ بىۋاستە قاتناش ئالاقىسى بار.

يەنتەينىڭ دېڭىز مەھسۇلات خىللىرى كۆپ، دۇيشىيا (قىسقۇچ پاقىنىڭ بىر خىلى) مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنتەينىڭ ئالما، خاسىڭلىرىمۇ بەك داڭلىق، خاسىڭ مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت خاسىڭ مەھسۇلاتى مىقدارىنىڭ 40% تىنى، مېۋە - چېۋە 10% تىنى تەشكىل قىلىدۇ.

يەنتەي دېڭىز بويىغا جايلاشقاچقا، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل، قىشتا ئىللىق، يازدا سۆرۈن، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسى كىشىگە ياقىدۇ. شەھەر بويىچە ناھىيىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ئارشاڭ بار، شۇڭا يەنتەينىڭ «ئارشاڭ ماكانى» دېگەن چىرايلىق نامى بار.

يەنتەي شەھەر سۈپىتىدە تېخى ناھايىتى ياش بولسىمۇ، تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. قېزىلما مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئاساسەن دەللىلىنىشىچە بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرى ئىنسانلار بۇ يەردە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغان. قەدىمقى مەدەنىيەت ۋە ئۇزاق تارىخ بۇ يەردە نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىق ۋە رىۋايەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، يەنتەي شەھىرىدىكى مۇزېينىڭ ئويمىچىلىق سەنئىتى، جۇڭگونىڭ قەدىمقى بىناكارلىق سەنئىتىدە كەم ئۇچرايدۇ. دۇنياغا مەشھۇر پەڭلەي راۋىقى مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. (4)

### ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادى ...

ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، يېزا ئىگىلىك، يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى تەڭپۇڭلىشىشقا باشلىدى. مۆلچەرلىنىشىچە، 1985- يىللىق ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىر تىرىليون 500 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، بەش يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى ئون پىرسەنتتىن كۆپرەك كۆپەيگەن. خەلق كىرىمى 610 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ بەش يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توققۇز پىرسەنتتىن كۆپرەك كۆپەيگەن. مالىيە كىرىمى 170 مىلياردلىق مۆلچەردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ، بەش يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100دە 12 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاشقان. «6- بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدە مەملىكەت بويىچە ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400 يۈەنگە يېقىنلىشىپ ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاشقان.




ئالىملار خېلى بۇرۇنلا يەر شارىدا دېڭىز-ئوكيان سۇلىرىنىڭ بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە پەسىيىپ تۇرۇشى ئاي شارىنىڭ تارتىش كۈچىدىن بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. دەۋرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئاي شارىنىڭ تارتىش كۈچى تەتقىقاتىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى ھەم ئۇ ئىنسانلار تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقايسى تەرەپلەرگە يېتىپ باردى. لېكىن كىشىلەر ئەپسۇسلىنىدىغىنى شۇكى، ئىلمىي يەكۈن سەنئەتكارلار ياراتقان ئاينىڭ ئەنە شۇنداق ئاجايىپ گۈزەللىكىنى، يوپ-يورۇق شەكلىنى دائىم بۇزۇۋېتىدۇ. يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى ئىلمىي تەتقىقات يەر شارىدىكى يانار تاغنىڭ پارتلىشى ۋە يەر تەۋرەشنىڭ ئاي شارىنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، يەر شارىدا بەزى كىشىلەرنىڭ ئاپەتكە يولۇقىشىمۇ، ئاي شارىنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ھىلال ئاي ۋە تولۇن ئاي سەنئەتكارلارنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئالىملار ئۇنىڭ شۇم مادda ئىكەنلىكىنى كۆردى.

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئاي شارى يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە باشقا ھەرىكەتلىرىدىگە سىرلىق تەسىر كۆرسىتىدىكەن. بىر نەپەر ئالىمنىڭ كۆرسىتىشىچە: ئادەمنىڭ تولۇن ئاي مەزگىلىدە بەدىنى قانسا، ئۇنداقتا قان ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىگە قارىغاندا كۆپ چىقىدىكەن. يەنە بىر نەپەر پروفېسسور تولۇن ئاي ۋە ھىلال ئاي مەزگىلى، يۈرەك كېسىلى بارلارنىڭ يۈرىكىنىڭ تېخىمۇ قاتتىق ئاغرىيدىغانلىقىغا، روھىي كەيپىياتىمۇ بۇرۇنقىدىن جىددىيراق بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان.

ئامېرىكا دوكتورى روبىنىڭ قارىشىچە، ئاي شارى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىگىمۇ ئىشىنىش قىيىن بولغان تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىكەن. ئۇ فلورىدا رايونىدا 15 يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن 2000 دىن كۆپرەك قاتىللىق ئەنزىسىگە قارىتا تەھلىل ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تولۇن ئاي مەزگىلىدىكى ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ باشقا مەزگىللەردىكىگە قارىغاندا كۆپ ئىكەنلىكىنى، ھىلال ئاي مەزگىلىدىكى قاتىللىقنىڭ سانى 2 - ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايقىغان.

بۇ غەلىتىرەك تۇيۇلىدىغان ھۆكۈمنىڭ زادى ئىلمىي ئاساسى يوقمۇ؟ ئالىملار بۇنىڭغا قارىتا بۈگۈنكى كىشىلەر قايىل بولغىدەك جاۋاب ئىزلىمەكتە. روبىي دوكتورنىڭ قارىشىچە، ئاي شارىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ بىزنىڭ بەدىنىمىز ۋە روھىي كەيپىياتىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ يەرشارىدىكى دېڭىز-ئوكيانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدە ئوخشاشلىق بار ئىكەن. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ئادەم بەدىنىنى ئىگىلىگەن 80 % سۇنىڭ تەركىبى بىلەن دېڭىز سۇلىرىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئوپمۇئوخشاش، تولۇن ئاي ۋە ھىلال ئاينىڭ يەر شارىدىكى دېڭىز-ئوكيانلارغا بولغان تارتىش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغاچقا، تەبىئىيكى ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسىتىشى ئەڭ زور بولىدۇ. بىراق، يەنە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئاي شارىنىڭ تارتىش كۈچى پەقەت بەدىنى ۋە روھىي كەيپىياتى جىددىي ھالەتتە تۇرىدىغان كىشىلەردىلا تەسىر پەيدا قىلىدىكەن. گەرچە بەزى چۈشەندۈرۈشلەر تېخى تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان بەزى ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ ئەشۇ يوپ-يورۇق ئايغا بولغان تەشۋىشىنى كۈچەيتمەكتە. (8)



جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئائىلىلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

(1) ئالغا ئىنتىلگۈچى ئائىلىلەر: بۇ خىلدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئەزالىرى بىر قەدەر ھايەۋى، كىشىلىك تۇرمۇش نىشانىغا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ھەر قانداق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەخلاق ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئىزدىنىشكە ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ. ماددىي مەنپەئەتكە ئانچە بېرىلىپ كەتمەيدۇ.

(2) نەپ قوغلىشىدىغان ئائىلىلەر: بۇ خىل ئائىلىدىكىلەر ئەمەلىي مەنپەئەتنى كۆپرەك قوغلىشىدۇ. تىرىشىپ شەخس ياكى ئائىلىنىڭ تېخىمۇ بىر دەرىجە يۇقىرى بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىيا-

## سىزنىڭ ئائىلىڭىز ...

جىنى قاندۇرۇشنى ئىزلەيدۇ. ئۇلار بىر قەدەر قىزىل كۆز بولۇپ، باشقىلارنىڭ بايلىقىغا كۆزى قىزىرىدۇ.

(3) چوقۇنغۇچىلار: بۇ خىلدىكى ئائىلىلەر ھەممىلا يەردە نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىڭ كويىدila بولىدۇ. بۇنداقلار مال-دۇنيا ھەممىدىن ئەۋزەل دېگۈچىلەردۇر. ھەر بىر ئائىلىنىڭ بىر ياكى بىر نەچچە «يادرولۇق ئەزاسى» بولۇپ، ئۇلار شۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئائىلىنىڭ قايسى تىپتىكىلەرگە تەئەللۇق بولۇشى، «يادرولۇق ئەزا»نىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇنداقتا، سىزنىڭ ئائىلىڭىز قايسى خىلدىكى ئائىلىگە مەنسۇپ؟ (9)

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ئادەمنىڭ يىغىپ توپلىغان نەرسىسىدىن، شۇ ئادەمنىڭ خاسلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدىكەن.

كىتاب ۋە ژۇرنال يىغقۇچىنىڭ مىجەزى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئامراق، ئۇلار ئائىلىدە كىتاب ئوقۇيدۇ، مۇزىكا ئاڭلايدۇ، مېھماندوستلۇقتا ئۈستۈن تۇرىدۇ.

كىيىم-كېچەك يىغقۇچىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياسانچۇق بولىدۇ، بەتخەجلىك قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزىنى «سەھنە مەركىزى» قىلىشقا تىرىشىپ، باشقىلارنىڭ قەلبىدە تەسىرات قالدۇرماقچى بولىدۇ.

رەسىم، ئاتكىرتكا، تەبرىك خېتى ۋە كونا خەت-چەكلەرنى يىغقۇچىلار ئۆتكەن

## بىر ئادەمنىڭ يىغقان نەرسىسىگە قاراپ...

ئىشلارنى ئەسلەشنى، ئۆتكەن-كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

سەنئەت بۇيۇملىرىنى ۋە ئاسارە ئەتىقىلەرنى يىغقۇچىلار باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشنى ۋە قەيسەر بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئورنىغا ۋە سالاھىيىتىگە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ.

سەدەپ قېپى، تاش ۋە تەبىئەت بۇيۇملىرى يىغقۇچىلار قېزىپ تەكشۈرۈش ۋە خەۋپ-خەتەرگە قارىماسلىقتەك جاسارەتكە ئىگە، ئۇلار جاي-جايلارغا ساياھەتكە بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ھايۋانات ئويۇنچۇقلار ۋە قورچاق يىغقۇچىلار ئۆز نېسىۋىسىگە بىر ئاز شۈكۈر قىلىدۇ، ئۆي ئىچىدە ئويناپ، خاتىرجەم، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. (5)



(پوۋېست) نۇرمەھەممەت زامان



## ئەتە قول قوياي

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

بۈگۈن ئەتىگەندىلا كۈن ئىسسىقتا باشلىدى. دوختۇرخانا ھويلىسىنىڭ تاملىرىنى ياقىلىتىپ ئېرىدۇۋەتكەن گۈللەرمۇ ئېچىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. دوختۇرخانا كىيىمىنى كىيگەن كېسەللەر ھويلىدا، دەرەخلەر ئارىسىدا ئۇيان - بۇيان مېڭىشىپ يۈرەتتى. بەزىلىرى كېرىلىپ تەنھەرىكەت ئوينىماقتا ئىدى.

گۈلنار بىلەن لىلى ئىگمۇ بىردىن رەسىملىك كىتابنى قولتۇقلاپ بىنادىن پەسكە چۈشتى. ئەتىيازدىن بۇيان ئۆزلىرى كېلىپ ئوينايدىغان سەينادىكى ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، ئۇلار بىرسىنىڭ چاپىنىنى بىرسى ئالماشتۇرۇپ كىيىۋالغان ئىدى. ئۇلار بۇرۇن تونۇشمايتتى. بالىلارغا خاس تۇيغۇ ھېسسىياتى بۇ قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوماق قىزلارنى بىر - بىرىگە بۆلەكچە ئامىراق قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇڭلاشقا ھەممىشەم بىردەم ياغلىقىنى، بىردەم چاپىنىنى ئالماشتۇرۇپ كىيىۋالاتتى. بىرسى ياتاقتىن تالاغا قاراپ ماڭسىلا ئىككىنچىسى گويا ئۇنىڭ سايىسىدەك ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ئىككىسى بىرگە بولۇپ قارت ئوينايتتى، كېسەل ئازابى ئاتا قىلغان كۆڭلى يېرىملىق بۇ تەقدىرداش بالىلارنى، كۆيۈمچان، زېرەك ۋە تىرىشچان قىلىپ يېتىلدۈرگەن ئىدى. ئىككىسى بىر دېمەتلىك بولۇپ بويى ئۇزۇنمۇ ئوخشاپ كەتكەچكە دوختۇر، سېستىرالار ۋە كېسەللەر بۇ چىرايلىق قىزلارنى «بىرجۈپ قورچاق» دەپ ئاتايتتى.

— ئەنە ئاپاڭ كەلدى، — دېدى خاسىيەتلىك چىقىۋاتقان لىلى ئىگ خۇددى ئۆزىنىڭ ئاپىسى كەلگەندەك خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن دەرۋازا تەرەپتىن كېلىۋاتقان گۆھەرنى كۆرسىتىپ.

گۈلنار خاسىيەتلىك شۆپەكلىرىنى ئەخلەت چېلەكىگە تاشلىۋېتىپ «ئاپا» دەپ ئورنىدىن قوزغالدى. گۆھەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئانىلارچە كۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن سورىدى:

— ھە، قانداق تۇردۇڭلار بالىلىرىم، زېرىكىپ قالدىڭلارمۇ، قورسىقىڭلار ئاچتىمۇ، كۆڭلۈڭلار نېمىنى تارتىدۇ؟

— خاسىڭنى تارتىدۇ، — دېدى لىلى ئىگ.

— ئاپا لىلى ئىگنى ئەتىگەنلىككە ئوپېراتسىيە قىلىدىغان بولدى، — دېدى گۈلنار خەۋەر يەتكۈزۈپ.

گۆھەر شۈبھىلىك چىراي بىلەن:

— راستمۇ لىلى ئىگ؟ — دەپ سورىدى.

— راست، — ئۇ كۆككىرىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مانا مايەرىدىن كېسىدۇ، — دېدى.

— سېنىچۇ، سېنى نېمە دېدى، — سورىدى گۆھەر گۈلناردىن.

— ماڭا بىرنېمە دېمىدى. پەقەت ئاپىڭىز دوختۇرخانىغا كېلىۋاتامدۇ، كەلسە بىز بىلەن كۆرۈشسۇن، دېدى.

— ئەتىگەندە ياسىن دوختۇر تەكشۈرگىلى كىرگەندە سىزنى سورىدى، — دېدى لىلى ئىگ.

— قازاننىڭ كۈۋاچىسى چۈمۈچ، دېگەن شۇدە، ئەممىسە قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلىمىز دەۋېرەمسىز، تۆنۈگۈن 17 - كارىۋاتتىكى كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلدى.

ئالدىنقى كۈنى 12 - كاردىۋاتتىكىنى، مانا بۈگۈن ئەتىگەندە ھېلىقى ئالتايدىن كەلگەن بالىنى ئەكىرىپ كەتتى. ھەممىسىلا ساقىيىپ چىقىۋاتىدۇ، بىزمۇ بۇ يەردە يېتىۋەرمەيلى ئاپا، مېنىڭ پىكرىمچە دوختۇرلارنىڭ يېنىغا كىرىڭ، قول قويۇپ بېرىڭ.

— ئەمىسىچۇ قارا، بۇ ئىشنى مەن ھازىرلا ۋەلى ئاكاڭنىڭ يېنىغا بېرىپ سوراپ كېلەي - ھە.

— ماقۇل، چاپسانراق كېلىڭ - ھە.

— سىلەرچۇ قىزلىرىم، — دېدى گۆھەر قولىدىكى سومكىسىنى گۈلنارغا بېرىۋېتىپ، — مانا بۇ سومكىدا ئىسسىق سامسا بار، ياتاققا كىرىپ چاي دەملەپ ئىچىپ تۇرۇڭلار، مەن ھازىرلا كېلىمەن.

گۆھەر ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىگە بارغاندا ۋەلى بىر توپ دوختۇرلار بىلەن ياتاقلارنى ئارىلاپ، كېسەللەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ يۈرەتتى. گۆھەر ئۇنى ئىشخانا ئالدىدا بىردەم ساقلىدى. ۋەلى كەلگەندىن كېيىن، گۆھەر ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل خاپىلىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تەڭقىسلىقتا قالدى.

— ۋەلى، سىز ئېيتقان ھېلىقى گېۋەن دوختۇر كەلدىمىكىنە؟ — دەپ سورىدى ئاخىرى ئىلاجسىز.

— كەلمەپتۇ، ئەمدى بۇ يەردە ئىشلىمەيدىغان بوپتۇ.

— نەگە كېتىپتىكەن؟

— چەت ئەلگە.

— ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىكەن؟

— قولىدىن ئىش كېلىدىغان، شۇنچىلىك تالانتلىق بىر ئادەمنىڭ يە ئورنىنى، يە مائاشىنى ئۆستۈرمىسە، ئۆي بەرمىسە، تېخى نەدىكى دارىدىن قاچقان بىر نېمىلەرنى ئاپىرىپ ئۇنىڭغا باشلىق قىلىپ قويۇۋاتسا، ئەلۋەتتە قورسىقى كۆپىدۇ - دە.

— ئەمىسە بىز قانداق قىلىمىز ۋەلى؟

— سىزگە ئېيتاي، يۈرەك ئوپېراتسىيىسى تولىمۇ نازۇك ئىش. بۇلتۇر بىر ئاغىنەمنىڭ قېيىن ئىنىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا ئارىلىشىۋىدىم، بەختكە قارشى، ئۇ بالا ساقىيالماي تۈگەپ كەتتى. ئۇلارغۇ ماڭا ھېچنېمە دېمىدى. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك يۈزىگە قارىيالماي يۈرىمەن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشىڭىزغا مەن ئارىلاشماي، ئۆزىڭىز ئوبدانراق ئويلىشىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلارسىز . . .

ۋەلى شۇ گەپلەرنى قىلدى - دە، گۆھەرنىڭ گەپلىرىگە قۇلاقمۇ سالماي نېرىدىقى زالغا كىرىپ كەتتى.

گۆھەر خۇددى بىلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. پەقەت گۈلنار بىلەن لىك لىك يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئاپا سىزنى ياڭ دوختۇر چاقىرىۋاتىدۇ. تېز بولۇڭ دەپ قولىدىن تارتقاندىلا ئاندىن ھوشىغا كەلدى.

— قايسى ياڭ دوختۇر؟

— يۈرەك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ جىنشەن پروفېسسورچۇ؟ — چۈشەندۈردى لىك لىك.

ئۇلار يېتىلىشىپ ماڭدى. گۈللۈكنىڭ ئەتراپىدا ئەۋلىيا سۈپەت بىر بوۋاي ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇ ئادەم ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەيران قالغۇدەك بېجىرىم، روھىي تېتىك ئىدى. گۈلنار گۆھەرنى يېتىلەپ ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى:

— ياڭ بوۋا، مانا ئاپامنى باشلاپ كەلدىم، — دەپ گۆھەرنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قايتىپ كەتتى. گۆھەر بۇ پەرىشتىدەك ئادەمنىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى. بىراق ئەمدى ئۇنىڭغا نېمىلەرنى ئېيتىش كېرەك؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

— خوش، — دېدى ياڭ جىنشەن پروفېسسور گۈللۈكلەرنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ يېنىدا كېلىۋاتقان گۆھەرگە، — ئەھۋالدىن قارىغاندا سىزدە بىر ئاز ئەنسىرەش بار ئوخشايدۇ. قىزىڭىز بالىنىستىكا كىرگىلى خېلى ۋاقىت بوپتۇ. ھازىرغىچە بىر قارارغا كېلەلمەپسىز، شۇنداقمۇ؟

ياڭ پروفېسسورنىڭ گەپنى كېسەل ئەھۋالىدىن باشلىماي، گۆھەرنىڭ ئەنسىرىشىدىن باشلىشى گويا ئۇنىڭغا ئۇستا رەممالنىڭ يوشۇرغان سىرنى ئېچىۋەتكەندەك تۇيۇلدى.

— شۇنداق، — دېدى گۆھەر، — بۇنداق ئىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزمىگەچكە ئادەم بىر ئاز قورقىدىكەن.

— توغرا، بۇ نورمالنى ئىش، ئەمما كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، ئانا بولماق ئاسان ئەمەس. شۇنداقلا دوختۇر بولماقمۇ ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ قىيىنچىلىقى شۇ يەردىكى ئانا بالىنى تۇغۇپ

چوڭ قىلىشقا مەسئۇل. دوختۇرچۇ؟ دوختۇر، كىشىلەرنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

— شۇنداق ئىكەن، — دېدى گۆھەر، — بەھۇش ياتقان كېسەللەرنىڭ يېنىدا تالڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي ئولتۇرغان دوختۇر، سېستىرالارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چۈشەندىم.

ئۇلار گۈلزارلىق رەشاتكىنى ئايلىنىپ، گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول بىلەن ئارقىسىغا ياندى.

— ئەمدى ئوپېراتسىيە مەسىلىسىگە كەلسەك، — دېدى ياڭ پروفېسسور، گۆھەرگە چۈشەندۈرۈپ، — قوغىرا، تىغنى بىر ئادەم تۇتىدۇ. ئوپېراتسىيىنى بىر ئادەم قىلىدۇ. بۇ ئادەم تولىمۇ مۇھىم، لېكىن قالغان دوختۇر، سېستىرالار شۇ ئادەمگە ياردەملەشمىسە بۇ ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمايدۇ. بىزنىڭ يۈرەك بۆلۈمىمىز ھەر قايسى مىللەت دوختۇرلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر جەڭگىۋار كوللېكتىپ، ئۇلار بىر بىرىگە قاتتىق ماسلىشالايدۇ. مانا بۇلتۇردىن ھازىرغىچە تۇغما يۈرەك كېسەللىرىدىن 41 نى ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتتى. دېمەك 41 ئادەمگە ھاياتلىقنى تەقدىم قىلدى.

شۇ تاپتا ياڭ پروفېسسورنى ئىپتىخارلىق كەيپىياتى قاپلىۋالغان ئىدى. كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇزۇن تالالىرىدەك تارتىلغان قورۇقلاردىن كۈلكە ئالامەتلىرى، كۆزلىرىدە بولسا تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

— ئەمما، — دېدى ئۇ يەنە ئېھتىياتلىق تەلەپپۇزدا بىز، — تېخى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلالايمىز دەپ مەيدىمىزگە ئۇرالمايمىز. ھازىرچە جۇڭگودا بۇخىل كېسەلنى ساقايتىشقا ھېچكىممۇ ئالدىنئالا كاپالەت قەغىزىنى كېسىپ بېرەلمەيدۇ. مانا شۇ نۇقتىدىن جەمئىيەتتە دوختۇرلىرىمىز ئۈستىدىن ھەرخىل سۆز-چۆچەكلەر يوق ئەمەس.

دەل شۇ چاغدا گۆھەرنىڭ ئېسىگە كۈپپىدە بىر نەرسە كەلدى-دە، دەرھاللا سورىدى:

— ئاڭلىساق كۆپەن دوختۇرلى ئەمدى كەلمەيدىكەن، چەتئەلگە چىقىپ كېتىدىكەن دېيىشىدۇ. راستمۇ ياڭ پروفېسسور؟

— كۆپەن ۋىزالۇ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ئۆيىگە كەتكەن، يېقىندا كېلىپ يەنە ئىشقا چۈشىدۇ.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىغۋا، يالغان گەپلەر كېسەللەرنىڭ ئارىسىغا تارقىلىپ خىلمۇ خىل گۇمان-ئەندىشىلەرنى تۇغدۇرماقتا. بۇمۇ ئاستا-ئاستا دوختۇرلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي تېخنىكىسى ئارقىلىق تۈگەيدۇ.

ياڭ پروفېسسورنىڭ سۆزلىرى كېسەلگە قويۇلغان ئوتتۇلدەك گۆھەرگە غەيرەت ئاتا قىلماقتا ئىدى. ۋۇجۇدىدىكى گۇمان، ئەندىشىلەرنىڭ ئورنىغا ئىشەنچ، خاتىرجەملىك ئالمىشىپ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان غەم تاغلىرىنى غۇلاتماقتا ئىدى. ياڭ دوختۇرنىڭ سۆزلىرى ئاخىرلاشقاندا ئۇ خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن گۈس-گۈس دەسسەپ چاققان-چاققان مېڭىپ بالنىستقا كىرىپ كەتتى. ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن ئانىسىنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلىپ قاراپ تۇرغان گۈلنار، گۆھەر ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا:

— قانداق، ئەمدىغۇ ئۇنارسىز، ئوپېراتسىيە قىلىۋېتىشكە بالدۇرراق قوشۇلغان بولسىڭىز، مەنمۇ بالدۇرراق ساقىيىپ، مەكتىپىمگە باراتتىم، — دېدى.

— مېنىڭ داداممۇ نەدىكى ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى قول قويدى، — دېدى ئىلىك ئىلىك.

— ۋاقىت كېچىكە يانمايدۇ ئاپا، ئەمدى پۈرسەتنى ئۆتكۈزۋەتمەيلى جۇمۇ، — دېدى گۈلنار.

— ماقۇل، ئەمدى قول قوياي.

— بۈگۈن دوختۇرلار ئىشتىن چۈشۈپ كەتتى، — دېدى ئىلىك ئىلىك.

— ئەمىسە ئەتە قول قوياي، بولامدۇ؟ — گۆھەر قىزلارغا قارىدى. قىزلارنىڭ چىرايىدا شاتلىق جىلۋە قىلماقتا ئىدى. (8)




(ھېكايە)

**دەريا ھەسەن**

كىنودىن چىققىنىمدا، خېلى كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. مەن خىلۋەت كوچىلارنىڭ بىرىدە خىيال سۈرگىنىمچە ئۆيۈمگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم. تۇساتتىن كېچىنىڭ جىم - جىتلىقىنى بۇزۇپ، بىر كىچىك بالىنىڭ داد - پەريادى ئاڭلاندى. مەن دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈردۈم، كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بىرسى بىر كىچىك بالىنى جان جەھلى بىلەن تېپىپ ئۇرۇۋاتاتتى. بالا يەردە دومىلاپ يىغلاۋاتاتتى. مەن بۇ ماجىراغا ئارىلاشماقچى بولدۇم:

— توختاڭ ئاكا! بالىنى ئۇرماڭ!

مېنىڭ سۆزۈم ئاڭلانمىدىمۇ ياكى ماڭا پىسەنت قىلمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، بالىنى ئۇرۇۋاتقان كىشى ماڭا قاراپمۇ قويمىدى ۋە يەردە دومىلاپ يۈرگەن بالىنى رەھىمسىزلەرچە دەسسەۋەردى:

— ھۇشۇمتەك، سېنى باققىچە ئىتنىڭ كۈچۈكىنى باقسام بولماسمىدى! — دەپ تىللىدى.

بالىنىڭ ئاغزىدىن قان كەتتى. مەن دەررۇ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدىم.

— بولدى قىلىڭغۇي ئاكا، بۇ بالا سىزگە نېمەگۇناھ قىلغان؟

ئۇ بالىنى ئۇرۇشتىن توختىدى ۋە ماڭا بېشىدىن ئايىغىچە قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن بولۇپ، تېز-تېز نەپەس ئالاتتى.

— ئۇرسام ئۆزەمنىڭ بالامنى ئۇردۇم، كېيىنگىلار بارمىدى! — دېدى ئۇ خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن.

شۇ پەيتتە ھېلىقى بالا ماشىلداپ يىغلىغان پېتى مېنىڭ ئارقامغا ئۆتۈۋالدى، ھېلىقى كىشى تېخىچىلا ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— كىچىك بالا ئەمەسمۇ، مەسىلىنى ئۇرۇش بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدىم مەن.

— ھەي، بۇنداق بالىغا ئىچ ئاغرىتىشقا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ غۇدۇڭشۇپ. مەن قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ كىشىنى بالىنى ئۇرۇشتىن توختىتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىم ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭمۇ ئاچچىقى سەل پەسەيگەن بولسا كېرەك، بالىنى قايتا ئۇرمىدى. بىز يولغا راۋان بولدۇق.

— ئۆيلىرى قەيەردىكىن؟ — دەپ سورىدىم مەن ئېھتىيات بىلەن.

— ئۆيىمىز شامالباغدا ...

ۋۇي، يولىمىز بىر ئىكەنغۇ، — دېدىم مەن خۇشال بولۇپ، — مېنىڭ ئۆيۈممۇ شۇ ياقتا، سەل يۇقىرىدىراق.

بۇ كىشى يېشىغا قارىغاندا بۇرۇن قېرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بەللىرى مۈكچەيگەن، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان، يۈزلىرى خۇددى قۇرۇپ كەتكەن ئالمىدەك پۈرلىشىپ كەتكەن ئىدى. تۇرقىدىن ئاسانلا ئاچچىقى كېلىدىغان سەپرا، مىجەز ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. قاپقارا، قويۇق قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى خۇنسىز كۆزلىرىدىن ھەسرەت بىلىنىپ تۇراتتى.

بىز خېلىغىچە جىم ماڭدۇق. مەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن:

— نەگە بېرىپ كەلدىڭلا ئاكا؟ — دەپ سورىدىم تەكەللۇپ بىلەن.

— مۇشۇ ھارۋىنىڭ چاتىقى بولامدۇ، — دېدى ئۇ يەنە ئاچچىق قىلىپ، — ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇ مىنىڭ بالام، 14 ياشقا كىردى. ئەتىگەندىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن، مەن ئابدۇللانىڭ ئىشىدە مۇشۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈرۈشلىمۇ؟

ئۇ سۆزدىن توختىدى. ئۇنىڭ ئىچكى تومۇرلىرى باشقىدىن كۆپۈپ چىققان ئىدى. مەن بالىغا قاراپ قويدۇم. بالا ئاتىسىنىڭ زەردىلىك سۆزلىرىگە قىلچە پىسەنت قىلمىغاي كېتىۋاتاتتى.

— ئىسمىڭ نېمە ئۇكام؟ — دەپ سورىدىم مەن مۇلايىملىق بىلەن.

— ئىسمىم ئەسقەر، قانداق گەپ بارمۇ؟ — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

ئۇنىڭ قوپال مۇئامىلىسى يۈرىكىمگە «جاق» قىلىپ تەگدى.

— كۆردىڭىزمۇ بۇ ھارۋىنى، — دېدى ئابدۇللا ئاكا يەنە غەزەپلىنىپ، — زادى بۇنىڭغا ئامال قىلالمىدىم، ئۇنىڭغا يا تاياق ئۆتمەيدۇ. مەھەللىمىزدە بىر قانچە لۈكچەك باللار بار، ئۇ شۇلارغا قېتىلىپ بۇزۇلۇپ كەتتى. باللارنىڭ دەردىنى تازا تارتىۋاتىمىز ئۇكا، بەزىدە ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە بىر قانچە كۈنگىچە كىرمەيدۇ. بەزىدە چايخانىدىن، بەزىدە كوچا تاماملىرىنىڭ تۈۋىدىن غەرق مەس ھالەتتە تېپىۋالىمەن. بەزىدە بىرسىنىڭ بالىسىنى ئۇرۇپ باش - كۆزلىرىنى ئىششىتىۋەتكەن، بەزىدە ئۆزىنىڭمۇ يۈز - كۆزى قانغا بويالغان ھالدا كېلىدۇ.

— مەكتەپكە بەرگەن بولسىڭىز بۇنچىلىك بولمىغان بولاتتى، — دېدىم مەن تاقەتسىزلەنگەن ھالدا.

— ھەي، مەكتەپكە بەرگەن. ئۈچ قېتىم سىنىپتىن قالدى، ئاخىرى مۇئەللىمىنىڭ قول سائىتىنى ئوغرىلاپ سېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئەيتاۋۇر، شەرمەندە بولۇپ قوغلاندى، — ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى.

— ئەڭ ياخشىسى، بىرەر ئوقەتكە سېلىش كېرەك، سىياسەت ھازىر كەڭرى بولۇپ قالدىغۇ، — دېدىم مەن ئۆزەمچە ئەقىل كۆرسىتىپ.

— بۇ ئىش قىلىدىغان بالىمۇ؟! مەن يىل بېشىدىلا بىر ھارۋىغا سەي - پەي قاچىلاپ بېرىپ سېتىقچىلىق قىلىشنى بۇيرۇدۇم. تاپقان پۇلغا ھاراق ئىچتى، قىمار ئوينىدى. بىر قانچە قېتىم ساقچىدىنمۇ تۇتۇپ كەتتى. تەربىيە بېرىپ قويۇۋەتسە يەنە ئۆزگەرمىدى.

ئاچچىق، كىنايە سۆزلەر بىلەن بولۇپ ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالغانلىقىمىزنى سەزمەيلا قاپتىمىز.

— قېنى، — دېدى ئابدۇللا ئاكا، — ئۆيگە كىرىپ بىر دەم ئولتۇرۇپ كەتمەمسىز؟

— خوش، كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدىم مەن تەكەللۇپ بىلەن، — كېيىن يەنە كۆرۈشىمىز.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئابدۇللا ئاكا، — ئۆي مۇشۇ، ئۆتەر يولىڭىزدا كىرەرسىز.

مەن ئابدۇللا ئاكا بىلەن خوشلىشىپ - دە، يولۇمنى داۋام ئەتتىم. شۇ پەيتتە ھويلىنىڭ ئىچىدىن يەنە ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئېھتىمال ئەمدى ئاتىسىغا ئانىسى قوشۇلۇپ بالىسىنىڭ ئەدىبىنى بېرىۋاتسا كېرەك. مەن كەينىمگە قاراپ قويدۇم ۋە ئىچىمدە: «ئاھ، يەنە قانچىلىغان ئاتا - ئانىلار كەپسىز باللىرىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقاندۇ ھە!» دەپ ئويلىدىم، كۆڭلۈم ئىختىيارسىز غەشلىككە تولدى.

ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتتى. يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەن شامالباغ كوچىسىدىن پىيادە شەھەرگە كېتىۋېتىپ، ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىم كەلدى - دە، ئۆيىگە كىردىم. ئەسقەر قورودىكى كۆچەتلەرگە سۇ قۇيۇۋاتقان ئىكەن، مېنى كۆرۈپلا:

— دادا، مېھمان كەلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى. ئابدۇللا ئاكا ئۆيدىن چىقىپ كەلدى:

— بەللى، ھەسەنجان، سىزنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟! — ئۇ مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئايالى مەرىيەمخانمۇ پەيدا بولۇپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. بىز گويا دوستلاردەك قىزغىن ھال-ئەھۋال سورىشىپ ئۆيگە كىردۇق. ئۇستەلگە قاردەك ئاپئاق داستىخان سېلىنىپ، نازۇ - نېمەتلەر تىزىلدى.

— بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان دەپتىكەن، قېنى، ئادەتتىكى بولسىمۇ داستىخانغا بېقىڭ، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

ماڭا ئابدۇللا ئاكا سەمىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى، ئۆز ۋاقتىدا مەن كۆرگەن غەيرەتلىك چىرايىدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى.

— بالىلار سىزنى يەنە خاپا قىلامدۇ؟ — سورىدىم مەن چاي ئىچىۋېتىپ.

— ياقەي، ئەھۋال ئۆزگەردى دەڭا. ھازىر ئەسقەر ياخشى بالا بولۇپ قالدى.

— ئابدۇللا ئاكا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە نېمە سەۋەب بولدى؟ — دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ، ئۇ ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلدى:

— ھازىر ئەسقەر مەدەنىيەت ئۆگىنىۋاتىدۇ. مانا قاراڭ! — ئۇ تاكچىدىن قېلىن بىر توپلام دەپتەرنى ئېلىپ كۆرسەتتى. مەن بىرمۇ-بىر ۋاراقلاپ كۆرۈپ چىقتىم، دەپتەر چىرايلىق خەتلەر، نومۇرلار «كۆرۈلدى» دېگەن ئىمزالار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى.

— ھە، ئەسقەر مەكتەپكە كىرگەن ئوخشىمامدۇ! — دەپ سورىدىم مەن قانائەتلەنگەن ھالدا.

— ياق، ئۆيدە بىر ئاغىنىسىدىن ئوقۇۋاتىدۇ.

— ھە، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپسىز دە! — دېدىم مەن.

— شۇنداق، ئۇنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. بالىنىڭ ساۋادى چىقىپ گېزىت-ژۇرنال ئوقۇيالايدىغان ھالغا يەتتى.

— پاھ، كارامەت ئىش بوپتۇ! ئۇنىڭغا بۇنداق ياردەم قىلغان كىم ئۇ؟!

— قوشنىمىز ئېزىز، ئۇ بىر ئىدارىنىڭ كادىرى، قوشنىمىز بولغاچقا، ئائىلىدىكى ماجرالاردىن خەۋەردار. ئۇ مېنىڭ ھالىمغا ئىچىنىپ، ياردەم قىلدى. مانا، بەش ئايدىن بېرى بالىمىزنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇتۇۋاتىدۇ. دەسلەپتە ئەسقەر پەرۋا قىلمىدى. ھەتتا ئۇنىڭغىمۇ دىلسىنى چىقاردى. ئەمما سەۋرچانلىق ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدىكەن، ئېزىز كىتاب-دەپتەر ئەكېلىپ بەردى. يېزىق ئۆگەتتى، ياخشى كىنولارغا بىللە ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا - ئاستا تۈزۈلۈشكە باشلىدى.

بىز خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق، قايتماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا ئەسقەر يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىردى - دە، خۇشاللىق بىلەن:

— دادا، ئېزىز مۇئەللىم كەلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى. كەينىدىنلا ياش بىر كىشى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بىزگە سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى. ئابدۇللا ئاكا پاي - پېتەك بولۇپ مېھماننى كۈتۈۋالدى. ۋە مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

ئېزىز 30 ياشلاردىن سەل ئاشقان كىشى بولۇپ، ئۇ رەتلىك، چىرايلىق كىيىنگەن ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زىيالى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ئېزىز ئۇستەلدە ئۇزاق ئولتۇرمىدى. چايدىن ئىككى ئوتلاپلا، بىزگە ھوزۇرخالىق تىلەپ - دە ئەسقەرنىڭ دەپتەرلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقنى پەقەت ئەسقەرنىڭ «ھە، مۇنداق يېزىلىدىكەن - دە!»، «ئاپلا، مانىڭ چېكىتى چۈشۈپ قاپتۇغۇ» دېگەن ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى. «ھېلىقى كېچىدىكى لۈكچەك ئەسقەر مۇشۇمىدۇ؟!» مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. مەن ئېزىزغا ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارىدىم. شۇ تاپتا مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇ گويا قىزىلگۈل ئوتىسىنى ئاسراپ پەرۋىش قىلىۋاتقان باغۋەنگىلا ئوخشايتتى. (8)



كۆز ئەينەك



تېمىسىز



تېمىسىز



ئوقۇشماسلىق



ئۇخۇمىدىن توك ئوندۇرمەك



سىناپ بېقىش



تەخسىم قىلىش

## بەدىئىي سۈرەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما





(1) شاخمات ئۇستىدە : ئابلىز ئوجا فوتوسى

(2) بىر جۈپ دوستلار : لىيو خۋا فوتوسى



(3) شېرىن مېۋىلەر : مەيلى فوتوسى



(4) چاچ تاراش : جاڭ شۈن فوتوسى



(5) « مەن سىزنى . . . » جاڭ شۈن فوتوسى




«شىنجاڭ ياشلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى
مۇقاۋىسى شىنجاڭ رەڭلىك سۈرەت، ماركا مەتبەسىدە بېسىلدى
رەڭسىز بەتلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى (50 — 58). باھاسى 25 پۇڭ
رۇخسەت كىنىشكىسىنىڭ نومۇرى (310). تېلېفون 24544
ئادرېس: ئۈرۈمچى قۇرۇلۇش 2 - كوچىسى 9 - نومۇرلۇق قورا


شىنجاڭ ياشلىرى

新疆青年

1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 11 12 13 14 15 16 17 18 19 20 21 22 23 24 25 26 27 28 29 30 31